# ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى

11



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

مۇقاۋا رەسىمنى سىزغۇچى : مەمەت ئابدۇرېھىم
مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى : مەمەت نەۋبەت

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكى ئادرېسى

ISBN 978-7-228-12030-7
9 787228 120307 >
定价：12.00元

# ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى

## 11

«ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى قامۇسى»
تەھرىر ھەيئىتى نەشرگە تەييارلىغان

— شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى —

www.uyghurkitap.com

**图书在版编目(CIP)数据**

维吾尔民间故事. 11:维吾尔文/《维吾尔民间文学大典》编委会编. —乌鲁木齐：新疆人民出版社，2008.11
(维吾尔民间文学大典)
ISBN 978—7—228—12030—7

Ⅰ. 维… Ⅱ. 维… Ⅲ. 维吾尔族—民间故事—作品集—中国—维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ. I277.3

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2008)第 177985 号

策　　划　阿不都热合曼·艾白，艾合买提·伊明
责任编辑　艾合买提·伊明
责任校对　阿布勒孜·阿巴斯 等
封面设计　买买提·诺贝提
出版发行　新疆人民出版社
地　　址　乌鲁木齐市解放南路 348 号
电　　话　(0991)2827472
邮　　编　830001
经　　销　新疆维吾尔自治区新华书店
印　　刷　乌鲁木齐八家户彩印有限公司
开　　本　880×1230 毫米　1/32
印　　张　5
版　　次　2008 年 11 月第 1 版
印　　次　2008 年 11 月第 1 次印刷
印　　数　1—5000
定　　价　12.00 元

# ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى — 11

نەشرگە تەييارلىغۇچى : «ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى قامۇسى» تەھرىر ھەيئىتى
پىلانلىغۇچىلار : ئابدۇراخمان ئەبەي ، ئەخمەت ئىمىن
مەسئۇل مۇھەررىرى : ئەخمەت ئىمىن
مەسئۇل كوررېكتورى : ئابلىز ئابباس قاتارلىقلار
مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى : مەمەت نەۋبەت
نەشر قىلىپ تارقاتقۇچى : شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى
ئادرېسى : ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 ـ نومۇر
تېلېفون : 0991—2827472
پوچتا نومۇرى : 830001
ساتقۇچى : شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شىنخۇا كىتابخانىسى
باسقۇچى : ئۈرۈمچى باجياخۇ رەڭلىك باسما چەكلىك شىركىتى
فورماتى : 1230×880 مىللىمېتىر 1/32
باسما تاۋىقى : 5
نەشرى : 2008 ـ يىلى 11 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
باسمىسى : 2008 ـ يىلى 11 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
تىراژى : 1—5000
كىتاب نومۇرى : ISBN 978—7—228—12030—7
باھاسى : 12.00 يۈەن

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىككى ئادرېسى

# مۇھەررىردىن

ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى باي ۋە گۈزەل بىر خەزىنە. ئۇيغۇر خەلقى ئۆزىنىڭ بېسىپ ئۆتكەن ئۇزاق تارىخىي تەرەققىياتى جەريانىدا، ئۆزىنىڭ مىللىي تىلىنى، ئۆرپ - ئادىتىنى، مىللىي مەدەنىيىتىنى، جۈملىدىن باي، گۈزەل ۋە پارلاق ئېغىز ئەدەبىياتىنى بارلىققا كەلتۈرگەن. ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئۇزۇن تارىخقا، باي، چوڭقۇر مەزمۇنغا، ئۆزىگە خاس مىللىي ئۇسلۇب ۋە مىللىي شەكىلگە ئىگە بولۇپ، كۆزنى قاماشتۇرۇپ تۇرىدىغان بىر رەڭدار گۈلشەن. ئۇ ئۆزىنىڭ مەزمۇنىنىڭ چوڭقۇرلۇقى، بايلىقى ۋە كەڭلىكى بىلەن، شەكلىنىڭ خىلمۇخىللىقى ۋە گۈزەللىكى، تۈرىنىڭ كۆپلۈكى بىلەن كۆزگە ئالاھىدە چېلىقىدۇ.

ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى يۇقىرىقىدەك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ئەڭ ئومۇملاشقان بىر تۈرى ھېسابلىنىدۇ. ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى ئېغىزدىن ئېغىزغا، ئەۋلادتىن ئەۋلادقا كۆچۈش جەريانىدا خەلق ئاممىسى تەرىپىدىن پىششىقلىنىپ، ۋەقەلىكى تاۋلانغان، نەتىجىسى روشەن ھەم ئۈمىدۋار، تىلى تەسىرلىك ۋە گۈزەل بولۇپ يېتىلگەن.

ھەممىمىزگە مەلۇم، چۆچەك پېرسوناژلىرى بولغان، بىر پۈتۈن ۋەقەلىككە ئىگە نەسرىي ئەسەر. ئۇ ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ھەرقانداق بىر تەرىپىنى ئەكس ئەتتۈرەلەيدۇ. ئۇ ئىجتىمائىي رېئاللىقنىڭ ئەمگەكچى خەلق مېڭىسىدىكى

ئىنكاسى، ئەمگەكچى خەلق تۇرمۇشىنىڭ، ئىدىيە ـ ھېسسىياتىنىڭ، غايە ۋە ئارمىنىنىڭ بەدىئىي ئىپادىسى. چۆچەكلەر ئاساسەن رېئالىزملىق بولىدۇ، ئۇنىڭدا يەنە ئاكتىپ رومانتىزمنىڭ قويۇق ئىپادىسىمۇ بولىدۇ. ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىمۇ شۇنداق.

ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىدە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئاق كۆڭۈللۈكى، ھەقىقەتپەرۋەرلىكى، ئەمگەكچان روھى، ساغلام ۋە گۈزەل ئەخلاقىي پەزىلىتى، ۋەتەنپەرۋەرلىكى، قەيسەرانە كۈرەش قىلىش ئىرادىسى، شۇنداقلا ئىسىل ئارزۇ ـ ئارمانلىرى ئىپادىلەنگەن. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئوبراز ئارقىلىق ئىپادىلىنىپ، كىشىلەرگە ياخشى بىلەن ياماننى، ھەق بىلەن ناھەقنى، ئۆز بىلەن دۈشمەننى، خۇنۇكلۇك بىلەن گۈزەللىكنى پەرق ئېتىشكە ياردەم بېرىدۇ. بىز بۇنىڭدىن خەلق چۆچەكلىرىنىڭ مۇئەييەن تەربىيىۋى رولىنى بايقىۋالالايمىز.

شۇنى قەيت قىلىشقا بولىدۇكى، خەلق چۆچەكلىرىنىڭ باللارغا بولغان تەربىيىۋى رولى تېخىمۇ زور بولىدۇ. باللار كىچىكىدىن تارتىپلا خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنى، جۈملىدىن چۆچەكلەرنى ئاڭلىسا، ئۇلارنىڭ يۇمران قەلبىدە ياخشىلىق، ھەققانىيلىق، گۈزەللىك، ھاياتنى ۋە تەبىئەتنى سۆيۈش ئىستىكى ئويغىنىدۇ.

خەلق چۆچەكلىرىنىڭ تۇرمۇشنى، تارىخنى بىلىش ۋە چۈشىنىشتىكى رولى، خەلق تىلىنى ئۆگىنىشتىكى رولى، گۈزەللىك قارىشىنى يېتىلدۈرۈشتىكى ئېستېتىكىلىق رولى، كۆڭۈل ئېچىش رولىنىمۇ ئۇنىڭ تەربىيىۋى رولىدىن ئايرىپ قاراشقا بولمايدۇ. يۇقىرىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئۆزئارا باغلانغان، ئۆزئارا گىرەلەشكەن، سىڭىشىپ كەتكەن، بىر ـ بىرىنى تولۇقلىغان ۋە ئۆزئارا ماسلاشقان. بۇ خەلق چۆچەكلىرىنىڭ خەلق

تۇرمۇشى بىلەن قان ـ گۆشتەك زىچ مۇناسىۋەتتى بارلىقىنى چۈشەندۈردۇ.

خەلق چۆچەكلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى يېزىق شەكىللىنىشتىن بۇرۇنلا ۋۇجۇدقا كېلىپ، نۇرغۇن ئەسىرلەر مابەينىدە ئېغىزدىن ئېغىزغا كۆچۈپ يۈردى. يېزىق شەكىللەنگەندىن كېيىن ئۇنىڭ تەرەققىياتى يەنىلا توختاپ قالغىنى يوق. كېيىنكى مەزگىللەردە نۇرغۇن ئەللەردە خەلق چۆچەكلىرى يىغىپ خاتىرىلىنىپ، ئۇنىڭ يوقىلىپ كەتمەي داۋاملىق مۇكەممەللىشىشىگە كاپالەتلىك قىلىندى. بۇ ئىش بىزدە بۇرۇن ئانچە ـ مۇنچە ئىشلەنگەن بولسىمۇ، رەسمىي ئىشلەش ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 50 ـ يىللىرىدا باشلاندى دېيىشكە بولىدۇ. ئازادلىقتىن كېيىن ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى بىرقانچە توپلام قىلىپ ئىشلەنگەنىدى. 80 ـ، 90 ـ يىللارغا كەلگەندە ئېلىمىز بويىچە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنى توپلاش، رەتلەش، نەشر قىلىش دولقۇنىنىڭ تۈرتكىسىدە شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى ناھىيىلىرىگىچە خەلق چۆچەكلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئەسەرلىرى كەڭ كۆلەمدە يىغىلدى، رەتلەندى ۋە مەخسۇس توپلاملار نەشر قىلىندى. مۇشۇ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا بۇ ئەسەرلەر قايتا ـ قايتا سېلىشتۇرۇش، رەتلەش، تاللاش ئارقىلىق سىستېمىلاشتۇرۇلۇپ زور ھەجىملىك «ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى قامۇسى» ۋۇجۇدقا كەلدى. قولىڭىزدىكى 23 قىسىملىق «ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى» دەل مۇشۇ ئىلمىي ئەمگەكنىڭ مېۋىسى.

بۇ بىر يۈرۈش كىتابقا سېھرىي چۆچەكلەر، تۇرمۇش چۆچەكلىرى، چېچەنلەر ھەققىدىكى چۆچەكلەر، ھەجۋىي چۆچەكلەر، تېپىشماقلىق چۆچەكلەر، ھايۋانلار ھەققىدىكى چۆچەكلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 300 دىن ئارتۇق چۆچەك

كىرگۈزۈلگەن ۋە مۇناسىپ قىزىقارلىق قىستۇرما رەسىملەر سەپلەنگەن.

ئىشىنىمىزكى، بۇ بىر يۈرۈش كىتاب خەلقىمىزنىڭ مەدەنىيەت تۇرمۇشىنى تېخىمۇ بېيىتىدۇ ۋە رەڭدار قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى تەتقىقاتچىلىرىنىمۇ مول ۋە رەڭدار ماتېرىيال مەنبەسى بىلەن تەمىنلەيدۇ، ئۇلار بۇ كىتابلىرىمىزدىن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەردىكى سىياسىي، تارىخىي، ئەخلاقىي، دىنىي ۋە ئېستېتىكىلىق قاراشلىرىنى، ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەردىكى سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىي تۇرمۇشىنى، ئۆرپ ـ ئادەت ئالاھىدىلىكلىرىنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم يىپ ئۇچى ۋە ئىلھامغا ئېرىشەلەيدۇ. بىزنىڭ بۇ كىتابلارنى نەشرگە تەييارلاشتىكى ئاساسىي مۇددىئايىمىزمۇ دەل مۇشۇ.



www.uyghurkitap.com

# مۇندەرىجە


بەھرام ۋە ھەپتە مەنزەر ........................ 1

سىرلىق چىراغ ........................................ 71

ئەزەمخان ۋە ئايتولۇن .............................. 102

ئىگەمبەردى ........................................... 124

ئۆلمەي تۇرۇپ جەننەتنى كۆرۈش ................ 129

كەمەك ھەييار بىلەن مۇختەر ھەييار ............ 138

# بەھرام ۋە ھەپتە مەنزەر

بىر زامانلاردا بەھرام ئىسىملىك بىر پادىشاھ ئۆتكەن بولۇپ، ئۇ پۇقرالارغا شۇنداق كۆڭۈل بۆلىدىكەنكى، ئۇنىڭدىن ھەممە كىشى خۇشال ئىكەن.

بەھرام ئەقلىنى ئىشقا سېلىپ، ئاقىل دانىشمەنلەرنى تەربىيلەپ، ئەلنىڭ ئىشلىرىنى شۇلارغا تاپشۇرۇپتۇ، خەزىنە ئىشكلىرىنى ئېچىپ، غېرىب - مۇساپىرلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئاپتۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ پادىشاھلىقى بارغانسېرى قۇدرەت تېپىپتۇ، مەملىكەت ئاۋات، پۇقرا باياشات بوپتۇ. بەھرامنىڭ بۈيۈك نامى پۈتۈن ئالەمگە پۇر كېتىپتۇ.

ئەلقىسسە: بەھرامنىڭ مەلىكە دىلئارام دېگەن بىر ئايالى بار ئىكەن. مەلىكە دىلئارام شەمشەرۋازلىق، كاماندازلىق ۋە نەغمە - ناۋازلىقتا تەڭداشسىز ئىكەن، ئەر - خوتۇن ئىككىيلەن بىللە شىكار قىلىدىكەن، ئۇلارغا دۈچ كەلگەن ھەرقانداق نەرسە قېچىپ قۇتۇلالمايدىكەن، ئۇلار ئۇنى يا ئوق، يا كامان بىلەن چوقۇم قولغا كەلتۈرىدىكەن.

بىر كۈنى ئۇلار شىكارغا چىقىپ دەشت - باياۋاندا يۈرگىنىدە، ئالدىغا ئىككى كېيىك ئۇچراپتۇ. كېيىكلەرنىڭ بىرى ئەركەك، يەنە بىرى چىشى ئىكەن.

— ھەزرەتلىرىگە ئىلتىماسىم، — دەپتۇ دىلئارام ئېرىگە

قاراپ، — ئاۋۇ كېيىكلەرگە ئوق ئاتسىلا، شەرت شۇكى، مەن دېگەن نەتىجە يۈز بەرسۇن.

— مەسىلەن، قانداق نەتىجە؟ — دەپ سوراپتۇ بەھرام.

— ئاتقان ئوقلىرى تەگكەندىن كېيىن، — دەپتۇ دىلئارام چۈشەندۈرۈپ، — ئەركەك كېيىك چىشى، چىشى كېيىك ئەركەك بولۇپ قالسۇن.

— بولىدۇ! — دەپتۇ بەھرام ئىشەنچلىك ھالدا.

بەھرام بىرىنچى ئوقنى ئەركەك كېيىككە ئاتقانىكەن، ئوق كېيىكنىڭ ئىككى مۈڭگۈزىنى ئۈچۈرۈپ چىقىپ كېتىپتۇ ـ دە، چىشى كېيىكتەك بولۇپ قاپتۇ. ئاندىن ئىككىنچى، ئۈچىنچى ئوقنى ئاتقانىكەن، بۇ ئىككى ئوق چىشى كېيىنىڭ بېشىغا خۇددى مۈڭگۈزدەكلا قادىلىپ قاپتۇ ـ دە، چىشى كېيىك ئەركەك كېيىكتەك كۆرۈنۈپتۇ. بۇ ھالدىن مەغرۇرلانغان بەھرام كۈلۈمسىرەپ، سوئال نەزىرى بىلەن مەلىكىگە قاراپ سوراپتۇ:

— قانداق؟



— دۇنيادا بۇنداق مەرگەنلەر تولا، — دەپتۇ دىلئارام يېڭىلىشتىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ، — بەلكىم سىلىدىنمۇ ئۈستۈن ماھارەت ئىگىلىرى بولۇشى مۇمكىن. ھەزرەتلىرىنىڭ مەغرۇرلىنىشى بىھاجەت.

بۇ سۆزنى ئاڭلاپ

بەھرامنىڭ يۈرىكىدە غەزەپ ئوتى يالقۇنلاپتۇ، غەزەپتىن چىرايى تاتىرىپ، پۈتۈن ئەزايى ـ بەدىنى بەزگەكتەك تىترەپ كېتىپتۇ.

— ئۇنداق بولسا، مەندىن ئوبدىنىنى تېپىۋال! — دەپتۇ ئۇ غەزەپ بىلەن ۋە مەلىكىنى ئاتتىن ئۈزۈپ ئېلىپ يەرگە ئۇرۇپتۇ، ئاتنى چاپتۇرغان پېتى ئارقىسىغىمۇ قارىماي باياۋاندىن چىقىپ كېتىپتۇ.

ئەلقىسسە: دىلئارام ھوشىدىن كېتىپتۇ. ئۇ بىر ھازادىن كېيىن ھوشىغا كېلىپ، ئويلىماي قىلغان سۆزىگە پۇشايمان قىپتۇ، لېكىن: «كېيىنكى پۇشايمان — ئۆزىگە دۈشمەن» دېگەندەك، پۇشايمان پايدا بەرمەپتۇ. دىلئارام ھەسرەت ـ نادامەتتە ئورنىدىن تۇرۇپ ھەر تەرەپكە قاراپتۇ، ئۇنىڭغا ئۆز سايىسىدىن بۆلەك ھەمراھ يوق ئىكەن. ئاخىر ئۇ يىراقتا كۆرۈنگەن تاغ تەرەپكە قاراپ مېڭىپتۇ. ماڭا ـ ماڭا پۇتلىرى قاپىرىپ ئىششىپ كېتىپتۇ، ئەمما ئۇ چىشىنى چىشلەپ، ئازابنى ئىچىگە يۇتۇپ مېڭىۋېرىپتۇ.

دىلئارام يۈرۈپتۇ، يۈرۈپتۇ، كۆپ مۇشەققەتلەرنى چېكىپتۇ. ئاقىۋەت يىراقتىن بىر يېشىللىقنى كۆرۈپتۇ. ئۇ گويا شىپا تاپقان بىتابتەك جانلىنىپ، قەدىمىنى تېزلىتىپ، شۇ باغقا قاراپ مېڭىپتۇ. كۆرۈنگەن يېشىللىق بىر دېھقانىنىڭ ئېكىنزارلىقى ئىكەن. بۇ دېھقان كۆپنى كۆرگەن، كۆپنى بىلىدىغان، دانىشمەن، ھۈنەر ـ سەنئەتتىمۇ قولى گۈل كىشى ئىكەن. ئۇ ئۆز ئۆمرىدە پۈتۈن ئائىلىسىنى ئېلىپ چىقىپ، ئىسسىق ـ سوغۇقلارنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن، بىۋاپا دۇنيادىن بىزار بولۇپ، ئىستىقامەتنى ئىختىيار قىلىپ، باياۋاندا تېرىقچىلىق قىلىپ يۈرگەنىكەن.

دېھقان دەشت ـ باياۋاندىن چىقىپ كەلگەن ساھىبجامال پەرى سۈپەت دىلئارامنى كۆرۈپ ھەيران بولۇپ سوراپتۇ:

— ئەي نازىنىن، قايسى باغنىڭ گۈلى، قايسى چىمەنىنىڭ بۇلبۇلىسىز؟ قايسى پەرىشتە، قايسى پەرىزاتنىڭ نەسلى بولى-سىز؟ بۇ دەشت ـ باياۋاندا نېمە ئىش قىلىپ يۈرىسىز؟

مەلىكە دىلئارام بېشىدىن ئۆتكەن سەرگۈزەشتىلىرىنى بىر-بىر بايان قىلىپ، ئاخىردا:

— ئەمدى ئۆزلىرىگە ئوغۇل ھەم قىز بولغىلى كەلدىم، — دەپتۇ.

— مەن سىزنى قىزىم دېسەم، نامراتلىق ۋە پېقىرلىقىمنى ئەيىبكە بۇيرۇمىغايسىز، — دەپتۇ دېھقان.

— ئەي ئاتا، — دەپتۇ دىلئارام دېھقانغا، — سىز ئاددىيلا دېھقان بولماستىن، كۆپنى كۆرگەن، كۆپنى بىلىدىغان دانىش-مەندەك قىلىسىز. مېنى قىزىم دېسىڭىز، يۈزمىڭ مەرتەم خۇشال بولىمەن، چۈنكى مەن بىر غېرىب ـ مۇساپىرمەن، سىزدىن ئوبدانراق ئاتىنى قەيەردىن تاپىمەن؟

دېھقان كۈلۈپ قويۇپتۇ ۋە دىلئارامنى ئۆيىگە باشلاپتۇ. مە-لىكە ئۆيىگە كىرىپلا چاققانلىق بىلەن خۇددى خىزمەتكاردەكلا ئىشقا كىرىشىپتۇ، قولىقىدىكى ئىككى ھالقىنى ئېلىپ دېھقان ئاتىسىغا سۇنۇپتۇ. دېھقان ئۇستا جاۋاھىرشۇناس ئىكەن. ئۇ ياقۇت كۆزلۈك ھالقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ ئىنتايىن قىممەت با-ھالىق ياقۇت ئىكەنلىكىنى ئېيتىپتۇ، مەلىكىنىڭ سۆزى بو-يىچە ئۇنى سېتىپ، دىلئارامغا لايىق ۋە كېرەكلىك نەرسىلەر-نى تەييار قىپتۇ. شۇنداق قىلىپ، ئۇلار ئاتا ـ بالا بولۇپ كۆڭۈللۈك تۇرمۇش ئۆتكۈزۈشكە باشلاپتۇ.

ئەلقىسسە: ئەمدى ئىككى كەلىمە سۆزنى بەھرامدىن ئاڭلاڭ:

غەزىپىگە پايلىماي خوتۇنى دىلئارامنى ئاتتىن يۇلۇپ ئې-لىپ يەرگە ئېتىۋېتىپ ئوردىغا قايتىپ كەلگەن بەھرام ئال-دىراقسانلىق قىلغىنىغا ناھايىتى كۆپ پۇشايمان قىلىپ، دىل-



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكىر ئادرېسى

ئارامنى تاشلاپ كەلگەن يەرگە كۆپ قېتىم ئادەم ئەۋەتىپتۇ، لېكىن بارغانلاردىن مەلىكە توغرۇلۇق ھېچبىر خەۋەر ئالالماپ-تۇ. دىلئارامنىڭ ھىجران پىراقى بەھرامنى كېچە - كۈندۈز ئازابلاپتۇ. ئۇ ھەسرەت ۋە پۇشايمان ياشلىرىنى راۋان قىلىپ، پادىشاھلىقىنى تاشلاپ، دەرۋىش بولۇپ كەتكىلى تاس قاپتۇ.

ئەلقىسسە: مەلىكە دىلئارام دېھقان ئاتىسىنىڭ ئۆيىدە ياخشى تۇرۇۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن ئولتۇرسا - قوپسا، كۆڭۈل رىشتى باغلانغان ئېرىنى ئويلايدىكەن، ئۆزىنىڭ ئالدىراڭغۇلۇق قىلغىنىغا كۆپ پۇشايمان قىلىدىكەن. بەھرامنىڭ ئىشق - پىراقىدا ئۇنىڭ باغرى كۆيۈپ، رەڭگى - رۇخسارى كۈندىن - كۈنگە سارغىيىپ كېتىپتۇ.

— ئەي ئاتا، — دەپتۇ ئۇ بىر كۈنى دېھقانغا، — ھەر كۈنى پادىشاھ بىلەن شىكارغا چىقاتتىم. بۈگۈن كۆڭلۈم سەل خامۇش تۇرىدۇ، رۇخسەت بەرسىڭىز، شىكارغا چىقىپ كەلسەم.

دېھقان دىلئارامغا رۇخسەت بېرىپتۇ. دىلئارام خۇشال بولۇپ تەييارلىقىنى پۈتتۈرۈپ، شىكارغا راۋان بوپتۇ. ئۇ سەيلە قىلىپ ئايلىنىپ يۈرۈپ شۇنداق شىكار قىپتۇكى، كېيىك - جەرەنلەر-نى، ئارقار - بۇغىلارنى گاھى ئوق، گاھى كامان بىلەن ئوۋلاپتۇ، ساز چېلىپ، ئاشىقانە ناخشا توۋلاپ، شۇنداق ناۋا قىپتۇكى، بۇنى ئاڭلىغان ھايۋانلار بىھوش بولۇپ يىقىلىپتۇ... دىلئارام-نىڭ داڭقى خەلقىئالەمگە پۇر كېتىپتۇ، ھەممە يەرگە: «دەشت - باياۋاندا تىرىكچىلىك قىلىدىغان بىر دېھقاننىڭ قىزى بار-مىش، ئۇ قىز شۇنداق شىكار قىلارمىشكى، ئۆلۈك كېيىكلەر-نى تىرىلدۈرەرمىش، تىرىكلىرىنى بىھوش قىلىپ يىقىتار-مىش...» دېگەن خەۋەر تارقىلىپتۇ. بۇ خەۋەر شاھ بەھرامنىڭ قۇلىقىغىمۇ يېتىپ بېرىپتۇ.

ئۇ بىر كۈنى بۇ قىزنى زىيارەت قىلىشنى خالاپ، ۋەزىر -

ۋۇزرالىرىنى باشلاپ، ئىسىل ئاتلارغا مىنىپ يولغا راۋان بوپتۇ. ئۇلار دېھقاننىڭ ئۆيىگە يېتىپ بېرىپ كۆرۈۋېتىپتۇكى، ھېلىقى داڭدار قىز دىلئارام ئىكەن.

— ئەي قىز، — دەپتۇ بەھرام، — نەغمە - ناۋا بىلەن جانۋارلارنى ئالداپ بىھوش قىلىپ ئوۋ ئوۋلاشنى ئەقىل - پاراسەت، ماھارەت دەپ بىلىپ، تەھسىن - ئاپىرىن ئېيتىشنىڭ ھېچ ھاجىتى يوق، چۈنكى دۇنيادا مۇنداق ئىشلار كۆپ، ھەتتا سەندىن نەچچە ھەسسە ئۈستۈن تۇرىدىغان شىكارچى، چەۋەنداز خوتۇن - قىزلارمۇ بولۇشى مۇمكىن.

— ئەي پادىشاھ بەھرام، — دەپتۇ قىز، — سەن دىلئارامنىڭ سۆزىگە سەۋر قىلماي، ئۇنىڭغا ھېسابسىز زۇلۇم قىلدىڭ....

بۇ سۆزنى ئاڭلاپ بەھرام چىداپ تۇرالماپتۇ. ئۇ پۇشايمىنىنى سۆزلەپ، خىجىللىقىنى بىلدۈرۈپتۇ. دىلئارامۇ ئۆز خىجىللىقىنى ئىزھار قىپتۇ. ئۇلار بىر - بىرىدىن ئەپۇ سوراپ، ئۆزرىخاھلىق ئېيتىپتۇ. بەھرام دېھقاننىڭ دىلئارامغا سەمىمىي ئادارچىلىق قىلغانلىقىغا كۆپتىن - كۆپ مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپ، ئۇنىڭغا ھېسابسىز نەرسىلەرنى ھەدىيە قىپتۇ ۋە دىلئارامنى ئېلىپ ئوردىغا قايتىپتۇ.

ئەلقىسسە: بەھرام دىلئارامنىڭ ۋىسالىغا يەتكەندىن كېيىن ئەيش - ئىشرەت ۋە ئويۇن - تاماشىغا بېرىلىپ كېتىپ، مەملىكەت خىزمىتىنى ئۇنتۇپ قاپتۇ. ئۇ شىكارغا شۇنداق بېرىلىپ كېتىپتۇكى، ئوردىغا ئايدا بىرەر قېتىم قايتىپ كېلىدىكەن. بۇ ھالدىن ئەل - جامائەت، دانىشمەن، ئوردا كاتتىلىرى ناھايىتى بىئارام بوپتۇ، لېكىن پادىشاھنى بۇ ئىشلاردىن توسۇشقا ھېچكىم جۈرئەت قىلالماپتۇ، شۇڭا مەملىكەت كۈنسېرى خاراب بولۇشقا باشلاپتۇ.

پادىشاھ بەھرامنىڭ نىمان ئىسىملىك بىر ۋەزىرى بو-

لوپ، ناھايىتى سەزگۈر، دانا كىشى ئىكەن. ئۇ بەھرام بىلەن تەڭتۇش بولۇپ، ئۇنىڭغا ھەممىدىن ئامراق ئىكەن. شۇنىڭ ئۈچۈن پادىشاھ بۇ ۋەزىرنىڭ ھەرقانداق مەسلىھەتى بولسا، قوبۇل قىلىپ، شۇ بويىچە ئىش قىلىدىكەن.

بىر كۈنى ئوردا كاتتىلىرى نىھماننىڭ قېشىغا كېلىپ:

— ئەي نىھمان، — دەپتۇ ھال ئېيتىپ، — مەملىكەت ھالاكەت گىردابىغا كېلىپ قالدى. سەن پادىشاھقا بىر مەسلىھەت بەرگىن، ئەقىل بىلەن ئىش قىلىپ، يولىنى تاپسۇن، سەلتەنەت تەختىدە مۇقىم ئولتۇرۇپ، مەملىكەت ئىشلىرىنى ئوبدان يولغا سالسۇن.

ۋەزىر نىھمان ئۇلارغا ھېسداشلىق بىلدۈرۈپتۇ.

— ئەي دوستلار، — دەپتۇ ئۇ كۆڭلىدىكى تەدبىرىنى ئىز-ھار قىلىپ، — مەن پادىشاھ بەھرام بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلىمەن. سىلەر يەتتە نەپەر نەققاش كەلتۈرۈڭلار، ئۇلارنىڭ ھەربىرى ھۈنەردە كامالىغا يەتكەن، يەتتە قەۋەت ئاس-ماننىڭ كۆرۈنۈشىنى نەقىش قىلالايدىغان بولسۇن. قالغان ئىش-نى ئۆزۈمگە قويۇڭلار.

ئوردا كاتتىلىرى ۋەزىر نىھماننىڭ سۆزىگە بىنائەن ئالەمگە مەشھۇر يەتتە نەپەر نەققاشنى تېپىپ كەپتۇ. ۋەزىر نىھمان ئۇلارغا يەتتە قەۋەت ئاسماننىڭ كۆرۈنۈشى چۈشۈرۈلگەن يەتتە مەنزەر بىنا قىلىشنى بۇيرۇپتۇ.

ئەلقىسسە: ئۇستىلار خۇش ھاۋالىق بىر يەرنى تاللاپ يەتتە مەنزەر ياساپتۇ، ھەربىر مەنزەرنىڭ ئۈستىنى گۈمبەز شەكىللىك چىقىرىپ، ھەربىر مەنزەرگە بىر قەۋەت ئاسماننىڭ ئۆز ئەينىنى نەقىشلەپتۇ، بىرىنچى مەنزەرنى مۇشكتىن، ئىككىنچى مەنزەرنى زەپىراندىن، ئۈچىنچى مەنزەرنى رەيھاندىن، تۆتىنچى مەنزەرنى بىنەپشىدىن، بەشىنچى مەنزەرنى نارجىندىن، ئالتىنچى مەن-

ـزەرنى لاجۇەردىن، يەتتىنچى مەنزەرنى كاپۇردىن ياساپتۇ. بۇ مەنزەرلەر شۇنداق گۈزەل ۋە سەلتەنەتلىك ئىكەنكى، ھاياتلىقتا ھېچ كىشى كۆرمىگەن ۋە ئاڭلىمىغان بولغاي...

ۋەزىر نىھمان يەتتە مەنزەر پۈتكەندىن كېيىن يەتتە ئىق-لىم پادىشاھلىرىغا ئەلچى ئەۋەتىپ، بىردىن يەتتە نەپەر زىبا قىز ئەكەلدۈرۈپتۇ. بۇ قىزلارنىڭ ھەربىرىنى بىردىن مەنزەر-گە ئورۇنلاشتۇرۇپتۇ، ھەربىر قىز چۈشكەن مەنزەر قانداق رەڭدە بولسا، ئۇ قىزغىمۇ شۇنداق رەڭلىك كىيىم كىيدۈرۈپتۇ.

— ئەي پادىشاھىئالەم، — دەپتۇ خەۋەرچىلەر بەھرامغا، — ۋەزىرىڭىز نىھمان يەتتە مەنزەر بىنا قىلدى. ئۇنداق ئىمارەت دۇنيانىڭ باشقا ھەرقانداق يېرىدە يوقتۇر.

بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ، پادىشاھ بەھرامنىڭ مەنزەرلىرىنى زىيارەت قىلىش ھەۋىسى قوزغىلىپتۇ.

بىر شەنبە كۈنى پادىشاھ بەھرام مەنزەرۇ مۇشككە كەپتۇ. مەلىكە ھىندۇ بەھرامنىڭ ئالدىغا چىقىپتۇ. پادىشاھ مەلىكىنى كۆرۈپ ئۇنىڭ گۈزەل ھۆسنىگە، شېرىن سۆزىگە شەيدا بوپتۇ، ئاندىن كۆڭۈللۈك بەزمە ئۇيۇشتۇرۇپتۇ. ساقىيلار ئالتۇن-كۈمۈشتىن ياسالغان جاملارغا لەئەل رەڭ شارابنى لىقمۇلىق تولدۇرۇپ، ئارقىمۇئارقا سۇنۇپتۇ. خۇش ئاۋاز سازەندىلەر بۇل-بۇلدەك ناۋا ئەيلەپ، ئەتراپنى چاڭ كەلتۈرۈپتۇ. شۇنداق قى-لىپ، كەچ بوپتۇ.



نەزم:

دېدى بەھرام: ئەي پەرى پەيكەر،
چىشلىرىڭ ئۈنچە، لەۋلىرىڭ شېكەر.
غۇنچىدەك ئاغزىڭ ئاچ، ھېكايەت قىل،
ئۆتكەن كۈندىن ماڭا رىۋايەت قىل.
قىلدى تەزىم ئاي يۈزلۈك زىبا،
دېدى: ئەي ئۇلۇغ پادىشاھ،
جاھانباز شەھرىيار ئۇلغىل،
تەخت - بەخت ئۆزرە تاجدار بولغىل.

مەلىكە سۆز لىباسىنى يېيىپ، مۇنداق ھېكايە باشلىدىلەر:

ئۆتكەن زاماندا شەرانىدىپ شەھرىدە بىر پادىشاھ ئۆتكەنىكەن. ئۇ دانىشمەن، پەيلاسوپ بولۇپ، مەشرىقتىن مەغرىبكىچە ھەممە يەر ئۇنىڭ پەرمانىدا ئىكەن. ئۇ پادىشاھنىڭ ئۈچ ئوغلى بار ئىكەن. بىر كۈنى پادىشاھ چوڭ ئوغلىنى چاقىرىپ:

— چوڭ بولغاندا قانداق ئادەم بولىسەن؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ئەي ئاتا، — دەپتۇ ئوغۇل، — ۋۇجۇدۇمدا قۇۋۋەت بولسىلا، ھەزرەتلىرى باسقان يولغا قەدەم قويغايمەن، ئۆزلىرى بىلەن تەڭ نەپەس ئېلىپ، ئاخىر سەلتەنەت تەختىگە چىققايمەن.

پادىشاھ ئوغلىنىڭ جاۋابىنى ئاڭلاپ تەھسىن ئېيتىپتۇ ۋە خۇداغا شۈكۈر قىپتۇ، ئاندىن ئىككىنچى ئوغلىنى چاقىرىپتۇ، سىناپ بېقىش ئۈچۈن ئۆتكەن ۋەقەنى سۆزلەپ بېرىپتۇ. بۇ زېرەك ئوغۇل ئەقىل بىلەن جاۋاب بېرىپتۇ:

— ئەي ئۇلۇغۋار ئاتا، — دەپتۇ ئۇ، — ھەرنە بۇيرۇساڭ، بېلىمنى چىڭ باغلىدىم، لېكىن سېنىڭ ئالدىڭدا تاج ھەققىدە ئېغىز ئېچىش، پادىشاھلىقنى قوبۇل قىلىش ئەدەپسىزلىكتۇر. سەن تەختىڭدە ئامان - ئېسەن ئولتۇرغىنىڭدا، تەختىڭگە قەدەم

قويۇشقا ھەددىمىز يوق، ئەمما ۋاقتى كەلگەندە قوبۇل قىلغايمىز.

پادىشاھ بۇ ئوغلىدىنمۇ خۇشال بوپتۇ. ئاندىن كەنجى ئوغلىنى چاقىرىپتۇ. ئۇمۇ ئاكىلىرىدەك جاۋاب بېرىپتۇ.

پادىشاھ پەرزەنتلىرىدىن خۇشنۇد بوپتۇ، ئۇلارنىڭ ئەقىل ـ پاراستىگە تەھسىن ـ ئاپىرىنلار ئېيتىپتۇ، ئەمما ئۇلارنى مۇساپىر قىلىش ئارقىلىق ئەل ـ ۋەتەن قەدرىنى بىلدۈرمەكچى، مېھنەت ئوتىدا پىشۇرماقچى بوپتۇ.

شاھزادىلەر يول تەييارلىقىنى پۈتتۈرۈپ سەپەرگە ئاتلىنىپتۇ. گاھى ئاۋات يەرلەرنى، گاھى باياۋانلارنى كېزىپتۇ. بىر كۈنى يولدا ئۇلارغا بىر زەڭگى ئۇچراپتۇ ـ دە:

— ئەي يىگىتلەر، تۆگە كۆردۈڭلارمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— تۆگىنىڭ بىر كۆزى قارىغۇمىدى؟ — دەپتۇ شاھزادىلەرنىڭ بىرى.

— بىر چىشى سۇنۇقمىدى؟ — دەپتۇ يەنە بىرى.

— بىر پۇتى ئاقساقمىدى؟ — دەپتۇ ئۈچىنچىسى.

بۇ بەلگىلەر راست ئىكەن. تۆگىچى، تۆگىنى ھەقىقەتەن مۇشۇلار كۆرۈپتۇ، دەپ كۆڭلىدىن ئۆتكۈزۈپتۇ.

تۆگىچى شاھزادىلەر كۆرسەتكەن يول بىلەن تۆگىنى ئىزدەپ كېتىپتۇ. شاھزادىلەرمۇ يولىغا راۋان بولۇپ، خېلى يول يۈرۈپ بىر مەھەللىگە يېتىپ كەپتۇ. يول بويىدا بىر تۈپ چوڭ دەرەخ بار ئىكەن، شاھزادىلەر دەرەخنىڭ تۈۋىگە يېقىن بېرىپتۇ، دەرەخ تۈۋىدىكى بۇلاقتىن سۇ ئىچىپ، ئارام ئېلىپ ئولتۇرۇپتۇ.

ئەلقىسسە: ھېلىقى تۆگىچى بىرنەچچە چاقىرىم يول يۈرۈپتۇ، لېكىن تۆگىسىنى تاپالماپتۇ ـ دە، ئالدىراپ كەينىگە قايتىپتۇ، كېلىپ قارىسا، يىگىتلەر ئۇخلاۋاتقۇدەك. تۆگىچى يىگىتلەرنى ئويغىتىپتۇ.

— ئەي يىگىتلەر، تۆگە قېنى؟ — دەپتۇ ئۇ ۋارقىراپ، —

دەرھال تۆگىنى تېپىڭلار!

چوڭ شاھزادە سوراپتۇ:

— تۆگىنىڭ بىر يېنىدا ياغ، يەنە بىر يېنىدا ھەسەل بارمىدى؟

— ئۇستىدە خوتۇن كىشى بارمىدى؟ — دەپ قوشۇمچە قىپتۇ ئىككىنچى شاھزادە.

— ئۇ خوتۇن كىشى ئېغىرئاياغمىدى؟ بىر كالتە قۇيرۇق ئىتمۇ بارمىدى؟ — دەپ سوراپتۇ ئۈچىنچى شاھزادە.

— شۇنداق، — دەپتۇ تۆگىچى تەستىقلاپ، — مېنىڭ تۆگەمنىڭ دەل ئۆزى شۇ!

— بىز ئۇ تۆگىنى كۆرمىدۇق، — دەپتۇ شاھزادىلەر.

تۆگىچى، تۆگىنى بۇ ئۈچى يوقاتقان ئوخشايدۇ، دەپ گۇمانلىنىپ، يىگىتلەرنى پادىشاھنىڭ ئالدىغا سۆرەپتۇ. يىگىتلەرمۇ بېرىپتۇ. پادىشاھ تۆگىچىنىڭ شىكايىتىنى ئاڭلاپ بولۇپ، يىگىتلەرگە قاراپ:

— تۆگىنى بېرىۋېتىڭلار! — دەپتۇ.

— بىز مۇساپىر، — دەپتۇ شاھزادىلەر، — بىر يىلدىن بېرى ئالەمنى ئايلىنىپ يۈرۈپتىمىز، بۇ شەھەرگە تېخى يېقىندا كەلدۇق، كېتىۋاتساق، بۇ زەڭگى ئۇچرىدى، بىزدىن تۆگىنى سورىدى. بىز تۆگىنى كۆرگىنىمىز يوق.

— سىلەر ئېيتقان بەلگىلەرنىڭ ھەممىسى راست ئىكەن. تۆگىنى كۆرمەي تۇرۇپ ئۇنى قانداق بىلدىڭلار؟ — دەپتۇ پادىشاھ.

— يولنىڭ ئىككى تەرىپى بۆك دەرەخزارلىق ئىكەن، ئەمما تۆگە يولنىڭ بىر تەرىپىدىكى دەرەخنىڭ غازىڭىنى يەپ مېڭىپتۇ. شۇنىڭغا قاراپ تۆگىنى بىر كۆزى قارىغۇ بولسا كېرەك، دەپ ئويلىدۇق، — دەپتۇ بىرىنچى شاھزادە.

— بىر پۇتىنى سۆرەپ مېڭىپتۇ، ئاقساق ئىكەنلىكىنى شۇ-نىڭدىن بىلدۇق، — دەپتۇ ئىككىنچىسى.
— شاخنىڭ بەزىلىرى يېيىلىپ، بەزىلىرى قاپتۇ. كېچىسىنىڭ سۇنۇقلۇقىنى شۇنىڭدىن بىلدۇق، — دەپتۇ ئۈچىنچىسى.
— ئۈستىدىكى يۈكىنى قانداق بىلدىڭلار؟ — دەپ سوراپتۇ پادىشاھ.
— تۆگە ماڭغان يولنىڭ بىر تەرىپىگە چۈمۈلە، — دەپتۇ چوڭ شاھزادە جاۋاب بېرىپ، — ئىككىنچى تەرىپىگە كۆمۈتا ئو-لىشىپتۇ، شۇنىڭغا قاراپ بىر تەرىپىدە ياغ، يەنە بىر تەرىپىدە ھەسەل بارلىقىنى پەملىدۇق.
— تۆگە چۆكۈپتۇ. شۇ يەردە مەزلۇم كىشىنىڭ ئىزى بار ئىكەن. شۇنىڭدىن تۆگىگە مىنگەن ئايال كىشى ئىكەن، دەپ بىلدۇق، — دەپتۇ ئىككىنچىسى.
— ئۇ خوتۇن تۆگىدىن چۈشۈپ شۇ يەردىلا ئولتۇرۇپتۇ، ئورنىدىن يەرنى تايىنىپ قوپۇپتۇ. بۇنىڭدىن ئۇ ئايالنىڭ ئېغىر-ئاياغ ئىكەنلىكىنى بىلدۇق. ئىتنىڭ ئىزى ۋە قۇيرۇقىنىڭ يەر-گە تولۇق تەگمىگىنىگە قاراپ، ئىتنىڭمۇ بارلىقىنى، لېكىن كالتە قۇيرۇق ئىكەنلىكىنى بىلدۇق، — دەپتۇ ئۈچىنچىسى.
پادىشاھ بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ ئۇلارنىڭ پاراسەت-ئىدراكىغا ئاپىرىن ئېيتىپتۇ، ئۇلارغا كۆپ مال - دۇنيا ئىن-ئام قىپتۇ ۋە ھەرەمگە يېقىن يەردىن ھۇجرا تەيىنلەپ بېرىپتۇ.
بىر كۈنى پادىشاھ شاھزادىلەر بىلەن سۆھبەتلىشىپ كۆڭۈل ئاچقاندىن كېيىن چىقىپ كېتىپ، خىزمەتچىسىدىن شاھزادى-لەرگە بىر جام شاراب، بىر تەخسە كاۋاپ، بىر لىگەن توقاچ چى-قىرىپتۇ، ئۆزى ئاستا كېلىپ ئۇلارنىڭ گەپ - سۆزىنى تىڭشاپ-تۇ. ئۇلار شارابنى ئىچىپ، ناننى، كاۋاپنى يەپتۇ. شاھزادىلەرنىڭ بىرى دەپتۇ:

— بۇ شارابقا ئىشلىتىلگەن ئۈزۈم تېلىنى ئادەم قېنىدا سۇغارغانىكەن.

— بۇ قوي ئىتنى ئەمگەنىكەن، — دەپتۇ ئىككىنچىسى.

— پادىشاھنىڭ ئاتىسى ناۋاي بولسا كېرەك، — دەپتۇ ئۈچىنچىسى.

پادىشاھ بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ، دەرھال باغۋەننى چاقىرتىپ سوراپتۇ:

— بۇ شارابنىڭ ئۈزۈمىنى قەيەردىن ئالغان؟

— خاتىرجەم بولسىلا، پادىشاھئالەم، — دەپتۇ باغۋەن، — بۇ شارابنى ئۆزىمىز ئۆستۈرگەن تالنىڭ ئۈزۈمىدە چىقارغان، كۆڭۈللىرىگە باشقا خىياللار كەلمىسۇن.

— قۇرۇق گېپىڭنى قوي! — دەپتۇ پادىشاھ قولىغا شەمشەرنى ئېلىپ، — راستىنى ئېيت، ئەگەر يالغانغا يول قويساڭ، كاللاڭدىن ئايرىلىسەن. بۇ شارابنى چىقارغان ئۈزۈم تېلىنى نېمىدە سۇغارغان؟

— پادىشاھئالەم، سەۋر قىلغايلا، — دەپتۇ باغۋەن دىر - دىر تىترەپ، — سوئاللىرىنى ئەمدى چۈشەندىم. بىر كۈنى بىر



www.uyghurkitap.com

ئوغرى ئۇزۇم ئوغرىلىغىلى كىرگەنىكەن، تۇتۇشۇپ قېلىپ قولاق تۈۋىگە بىر ئۇرسام تىن تارتمايلا جان بەردى. ھېچنېمىگە بىلدۈرمەي تالنىڭ تۈۋىگە كۆمۈۋەتكەنىدىم.

پادىشاھ باغۋەننى چىقىرىۋېتىپ، قويچىنى چاقىرىپتۇ.

— راستىنى ئېيت، — دەپتۇ پادىشاھ غەزەپ بىلەن، — بۇ قېتىم ئۆلتۈرۈلگەن قوينى نېمىگە ئېيمىتكەن؟

— ئەي پادىشاھىئالەم، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ قويچى، — ئەقىللىرىگە بارىكاللا، بۇ قوينى ئانىسى ئۆلۈپ قالغاچقا، ئىتنى ئېمىتىپ چوڭ قىلغانىدىم.

پادىشاھ قولىدا شەمشەر تۇتقان ھالدا ئانىسىنىڭ قېشىغا كىرىپتۇ ۋە سوراپتۇ:

— ئەي ئانا، راستىنى ئېيت، مېنىڭ ئاتام كىم؟

— جېنىم بالام، — دەپتۇ ئانا ھەيران بولۇپ، — بېشىم ئاقارغاندا مۇنداق سوئالنى سورىغىنىڭ نېمىسى؟ غەرىزىڭ نېمە؟ ئاتاڭ پادىشاھ ئىدى.

— ئەي ئانا، — دەپتۇ پادىشاھ، — مېنى ئالدىماي راستىنى ئېيتقىن، بولمىسا، كاللاڭنى ئالىمەن!

ئوغلىنىڭ قەھرىدىن قورققان ئانا نائىلاج ئەسلىي ئەھۋالنى ئىزھار قىپتۇ:

— ئوغلۇم، ئېيتسام ئېيتاي، سەۋر قىلىپ تىڭشىغىن. ئۆزۈڭ مەجبۇرلىدىڭ، ئاجىز ئاناڭغا نېمە ئىلاج؟ — دەپ سۆز باشلاپتۇ ئانا، — ئەتىياز كۈنلىرى ئىدى، كوكاتلار ئەمدى باش كۆتۈرۈۋاتقان چاغ، ئاتاڭ شىكارغا كەتتى. ئۇ چاغدا شۇنداق چوكان ئىدىمكى، لاتاپەت بابىدا كامالەتكە يەتكەنىدىم، ھۆسن - جامالىمنىڭ زىبالىقى كۈندۈزنى خىجىل قىلاتتى. بىر كۈنى راۋاقتا ئولتۇراتتىم، گويا مەست تاۋۇستەك جىلۋە قىلىپ ئۆزۈمنى توختىتالمايتتىم. بىر ناۋاي يىگىت تەۋەككۈلدە

نان كۆتۈرۈپ ئۆتۈپ قالدى. ئۇمۇ تازا كېلىشكەن يىگىت ئىد-
كەن. بىر كۆرۈپلا يۈرىكىم ئۇنىڭغا مايىل بولدى. ناۋاي يىگىتمۇ
سەزدى بولغاي، يەر ئاستىدىن يېقىملىق كۈلۈپ قويدى. ئاخىر
سۆزلىشىپ قالدۇق. ئۇ ماڭا ئۇزاقتىن بېرى ئاشىق ئىكەن.
پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ، شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىسى بىلەن
ئەيش ـ ئىشرەت قىلدۇق. سەن شۇ چاغدا تۆرەلگەن.

پادىشاھ بېشىنى تۆۋەن سېلىپ، ئانىسىنىڭ قېشىدىن قاي-
تىپ چىقىپتۇ. ئاخىر پادىشاھ يىگىتلەرنىڭ ئالدىغا كەپتۇ.

— ئەي دانا يىگىتلەر، — دەپتۇ پادىشاھ، — ھەر سۆز-
نىكى سىلەردىن ئاڭلىدىم. سۈرۈشتۈرسەم، ھەممىسى راست
بولۇپ چىقتى. بۇنى سىلەر قانداق بىلدىڭلار؟

— شاراب دېگەن شادلىق ھاسىل قىلاتتى. سىز كىر-
گۈزگەن شاراب غەم پەيدا قىلدى، — دەپتۇ يىگىتلەرنىڭ بى-
رىنچىسى، — شۇ سەۋەبتىن، بۇ شارابنى ياسىغان ئۈزۈمنىڭ
تېلىنى ئادەم قېنىدا سۇغارغان بولسا كېرەك، دەپ ئويلىدىم.

ئىككىنچى يىگىت ئېيتىپتۇ:

— كاۋاپنى يەپلا كۆڭلۈمدە بىر تۈرلۈك تەشۋىش پەيدا بو-
لۇپ، ئاغزىمدىن شالى ياندى. كاۋاپتىن ئىتنىڭ پۇرىقى كەلدى.
شۇڭا، بۇ قوينىڭ ئىتنى ئەمگەنلىكىنى پەملىدىم.

— مەن ئۆزلىرىنىڭ يېنىغا كېلىپ، چېھرىلىرىگە قارىدىم،
ھېچبىر تاجدارلىق نىشانىسىنى كۆرمىدىم، سۆزلىرىدە ناندىن
باشقا ھېكايىنى ئاڭلىمىدىم. شۇڭا، بۇ پادىشاھ ناۋاينىڭ با-
لىسى بولسا كېرەك، دەپ ھۆكۈم قىلدىم، — دەپتۇ ئۈچىن-
چىسى.

بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ پادىشاھ ھەيران قاپتۇ.

— ئەي يىگىتلەر، — دەپتۇ پادىشاھ، — بىگۇناھ باش كەس-
مەك ئادىللىق ئەمەس. بۇ سىرلىرىمىزدىن سىلەرنىڭ خەۋەر

تېپىشتىڭلار بىئەدەپلىك، شۇنىڭ ئۈچۈن بېشىڭلارنى كەسمەك-چى ئىدىم، ئەمما ئەقىل - پاراسىتىڭلار، زېرەكلىكىڭلارنىڭ ھەققى - ھۆرمىتىدىن قېنىڭلاردىن كەچتىم.

پادىشاھ يىگىتلەرنىڭ دانالىقىغا تەھسىن ئېيتىپ، [illegible] دى-ناردىن پۇل بېرىپ، ئۆز دىيارىغا ئۇزىتىپ قويۇپتۇ. شاھزادى-لەر ئۇزۇن يوللارنى بېسىپ ئۆز يۇرتىغا كەپتۇ. ئەتىسى شاھ پەرزەنتلىرى بىلەن ساق - سالامەت، خۇشال - خۇرام كۆرۈشۈپ-تۇ ۋە ھەربىر ئوغلىنى بىر شەھەرگە پادىشاھ قىپتۇ....

ئەلقىسسە: مەلىكە ھىندۇ ھېكايىسىنى تاماملاپ ئۇخلاپ قاپتۇ. شاھ بەھراممۇ مەستلىكتە شېرىن ئۇيقۇغا ئەسىر بوپتۇ.

يەكشەنبە كۈنى ئىكەن. شاھ بەھرام ئۇيقۇدىن بىدار بولۇپ، مەنزەرۇ زەپىرانغا قەدەم قويۇپتۇ. مەلىكە نەمرۇز گۈلدەك ئېچىل-لىپ، كۈندەك نۇرلىنىپ شاھ بەھرامنىڭ ئالدىغا چىقىپتۇ ۋە پادىشاھنى ئىززەت - ئىكرام بىلەن مەنزەرۇ زەپىرانغا باشلاپ كىرىپتۇ. ئۇلار لەئەل رەڭ شارابلارنى ئالتۇن جاملارغا لىقمۇ-لىق تولدۇرۇپ ئىچىشىپتۇ، سازەندىلەر سازلىرىنى سايرىتىپ-تۇ، رەنا قىزلار مەست تاۋۇستەك جىلۋە قىلىپ ئۇسسۇل ئوينىشىپتۇ، ناخشا - سازلارنىڭ ساداسى گۈمبەزنى تىترىد-تىپتۇ. ئاخىر تۈن ئالەمدە قانات يېيىپتۇ. مەي تەسىرىدىن مەجلىس ئەھلىنىڭ ئەقىل - ھوشى قېچىپتۇ، ئۇيقۇ لەشكەرلىرى كۆزلەرگە ھۇجۇم قىپتۇ.

ئەلقىسسە: بەھرامنىڭ كۆزلىرى مەي ۋە ئۇيقۇ مەستلىكى بىلەن خۇمارلىشىپتۇ. مەلىكە ھېكايە باشلاپتۇ:

شەھىرى خۇراساندا ھەسەن ئىسىملىك بىر زەرگەر بو-لۇپ، ئۇنىڭ ماھارىتى تامامى ئالەمگە پۇر كېتىپتۇ. كۈنلەر-نىڭ بىرىدە، ئۇستا ھەسەن ھەممە ھۈنىرىنى ئىشلىتىپ، يۈز پاتمان مىستا بىر پىل ياساپتۇ. تۆت پۇتى بىكىتىلىشى ھامان

پىل ھەرىكەتكە كېلىپ، ھەر تەرەپكە مېڭىپتۇ. بۇنى كۆرۈپ خالايىق ھەيران قاپتۇ. ئۇستا ھەسەن پىلنى پادىشاھقا ھەدىيە قىپتۇ. پىلنى كۆرۈپ پادىشاھمۇ ھەيران قاپتۇ.

— بارىكاللا، ئۇستا ھەسەن، — دەپتۇ پادىشاھ ھەۋەسى قوزغىلىپ، — بۇ ئىشىڭمۇ يارايدۇ. ئەمدى ئالتۇندا بىر پىل ياسىغىن.

پادىشاھ ئۇستا ھەسەنگە خەزىنىدىن مىڭ پاتمان قىزىل ئالتۇن ئالدۇرۇپ بېرىپتۇ. ئۇستا ھەسەن ئالتۇننى ئېلىپ ئۆيىگە كېلىپ، بىر ئايدا ئالتۇن پىلنى پۈتتۈرۈپتۇ. بۇ ئالتۇن پىل گۈزەل ھەم ھەيۋەتلىك ئىكەن.

پادىشاھ ئالتۇن پىلنى كۆرۈپ خۇشال بولغىنىدىن، ئۇستا ھەسەننىڭ ھەققىگە مىڭ پاتمان ئالتۇن بېرىپتۇ. پادىشاھ بۇ پىلغا مىنىپ تاماشا قىلىدىكەن.

ئەلقىسسە: ئۇستا ھەسەننىڭ ماھارىتى ۋە شۆھرىتىنى كۆرگەن باشقا زەرگەرلەر ھەسەت قىلىپ، بىر يەرگە يىغىلىپتۇ،



پىنھاندا مەسلىھەت قىلىپ، سۇيىقەست پىلانلىشىپتۇ. ئۇلار: «بۇ پىل مىنىڭ پاتمان كەلمەيدۇ، ھالبۇكى پىلنى [illegible]لاشقا بولمايدۇ. بىز پادىشاھقا، ھەسەننى ئوغرى دەپ چاقسۇق، ئۇنىڭ ھاياتى شۇنىڭ بىلەن تامام بولغۇسى» دېيىشىپتۇ.

بۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بىرى ناھايىتى مەككار زەرگەر ئىپتىكەن. ئۇ:

— بۇنىڭ ئامالىنى مەن قىلاي، — دەپتۇ. بۇ سۆز باشقىلارغا ماقۇل كەپتۇ. مەككار ئۆيىگە قايتىپ، خوتۇنىغا:

— سەن ئاياللار ياخشى كۆرىدىغان نەرسىلەرنى سوۋغات قىلىپ بېرىپ، زەرگەر ھەسەننىڭ خوتۇنى بىلەن دوست بولغىن ۋە مەلۇم كۈنلەردىن كېيىن پىلنىڭ ۋەزنىنى سورىغىن، — دەپتۇ.

بۇ خوتۇن ئېرى ئېيتقاندەك، ئۇستا ھەسەننىڭ خوتۇنىغا ئېگىلىپ تەزىم قىلىپ، ئۆيىگە چاقىرىپ مېھمان قىلىپ ۋە ئۆيىگە بېرىپ ئۆز ئېرى ئۇستىدىن شىكايەت قىلىپ، ئۇستا ھەسەننى ماختاپ، سوۋغات ھەدىيە قىلىپ يۈرۈپ، ئۇنىڭ بىلەن دوستلۇق ئورنىتىپتۇ. بىرنەچچە مۇددەتتىن كېيىن:

— ئەي دوستۇم، ئاڭلىسام، ئېرىڭ پادىشاھقا پىل ياساپ بېرىپتۇ، ئۇنىڭ بىلەن شۆھرىتى كۆللى جاھانغا تارقاپتۇ. مەن بۇ پىلنىڭ ئېغىرلىقى قانچىلىكتۇ، ئۇنى قانداق ئۆلچىگىلى بولار، دەپ ھەيران قالدىم، — دەپتۇ ھەسەننىڭ ئايالىغا.

— ۋاي دوستۇم، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ھەسەننىڭ خوتۇنى، — مەن ئۇ پىلنىڭ ئېغىرلىقىنىمۇ ھەم ئۇنى قانداق ئۆلچەشنىمۇ بىلمەيمەن، ئېرىم ئۆزىلا بىلىدۇ، مەن سوراپ ئاندىن ساڭا جاۋابىنى بېرەي.

كەچتە ئۇستا ھەسەن دۇكاندىن كەپتۇ، ئۆيدە تاماق يەپ ئولتۇرۇپ، خوتۇنى بىلەن پاراڭغا چۈشۈپتۇ. ئايال دوستىغا بەرگەن ئەھدىسىنى ئويلاپ، ئېرىدىن پىلنىڭ ئېغىرلىقىنى سوراپتۇ.

— ئەي مەزلۇم، — دەپتۇ ئۇستا ھەسەن، — بۇنداق سۆزنى ئېغىزىڭدىنمۇ چىقارما، مۇنداق سوئالنى مەندىنمۇ سورىما. بۇ سىرنى ئاشكارا قىلىش ئۆزىمىزنى ئۆزىمىز ئۆلتۈرگەنگە تەڭ.

— مەن ئەھدە قىلاي، — دەپتۇ خوتۇن دوستىنىڭ ئالدىدا ئوسال بولۇپ قېلىشنى ئويلاپ، — ھەرگىزمۇ ئاشكارا قىلمايمەن. مېنىڭمۇ ئۆزۈمگە تۇشلۇق ئەقلىم بار، ھەرگىزمۇ باشقىلارغا دېمەيمەن!

— ئۇنداق بولسا، — دەپتۇ ھەسەن ئايالى قاتتىق تۇرۇۋالغانلىقتىن، — ۋەدەڭدە چىڭ تۇرغىن. ئەھدەڭدە تۇرمىساڭ، قازناقتا سولىنىپ ئۆز گۆشىنى ئۆزى يېگۈچىلەردىن بولۇپ قالىسەن. مەن دېگەن سىرنى باشقىلارغا ھەرگىز ئېيتمىغىن. پىل تارازىغا پاتمايدۇ، بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنى كېمىگە سالسا بولىدۇ. كېمە سۇغا قانچىلىك چۆكسە شۇ جايغا بەلگە قىلىۋېلىپ، كېمىنى سۇغا شۇنچىلىك چۆكتۈرەلىگۈدەك ئالتۇننى سالسا، ئاندىن شۇ ئالتۇننى تارازىدا تارتسا بولىدۇ.

ئەتىسى مەككار زەرگەرنىڭ خوتۇنى يەنە كەپتۇ ۋە سوراپتۇ:

— ھەي ئاداش، ھېلىقى ئىشنى سورىدىڭمۇ؟

— سورىدىم، — دەپتۇ ئۇستا ھەسەننىڭ خوتۇنى، — لېكىن باشقا كىشىلەرگە ئېيتماسلىقنى قاتتىق تاپىلىدى، شۇڭا ئاغزىمدىن چىقىرىشتىن قورقىمەن.

— ھەي ئاداش، — دەپتۇ مەككار زەرگەرنىڭ خوتۇنى ھىيلىگەرلىك بىلەن، — مەن باشقا ئادەم ئەمەس، بىز قىيامەتلىك ئاداش. مەن سېنى ئۆز بىلسەم، سەن شۇنداقمىدىڭ؟ ئۇنداق بولسا بوپتۇ، ئۆز كۆڭلۈمدە سېنى تىخى ئالەمگە تەڭ قىلماي يۈرۈپتىمەن.

مەككار زەرگەرنىڭ خوتۇنى ماي تارتىپ، قېيىدىغان قىياپەتكە كىرىۋاپتۇ. ئۇستا ھەسەننىڭ خوتۇنى تەڭقىسلىقتا قاپتۇ ۋە:

— ئۇنداق بولسا، مەن ئېيتاي، لېكىن مېنىڭ ھەقىقىي دوستۇم بولساڭ، ئاغزىڭدىن چىقارمىغىن، — دېيىپتۇ.

— ۋاي، خاتىرجەم بول، ئاداش، — دەپتۇ مەككار زەرگەرنىڭ خوتۇنى، — مەن ئۇنداق ئاغزى بوش ئايالللاردىن ئەمەس. «سېنىڭ بېشىڭغا كەلگەن قىلىچ مېنىڭ بوينۇمنى كەسسۇن» دەيدىغان مەرد ئايالمەن.

ئۇستا ھەسەننىڭ خوتۇنى ئېرىدىن ئاڭلىغانلىرىنى بىر-بىرلەپ سۆزلەپ بېرىپتۇ. مەككار زەرگەرنىڭ خوتۇنى زەن قويۇپ ئاڭلىۋاپتۇ، ئۆيگە قىن-قىنىغا پاتماي قايتىپ كېپتۇ-دە، ئاڭلىغانلىرىنىڭ بىرىنىمۇ قويماي ئېرىنىڭ قۇلىقىغا قۇيۇپتۇ.

ئەتىسى مەككار زەرگەر پادىشاھنىڭ ئالدىغا چېپىپ بېرىپتۇ ۋە پىلنى كۆرۈپتۇ. پادىشاھ ماختىنىپ:

— ھاياتىڭدا مۇنداق ھۈنەرنى كۆرگەنمۇسەن؟ — دەپ سوراپتۇ.

— مۇنداق ھۈنەرنى ھېچكىم قىلالماس، لېكىن ئۇستا ھەسەن ئىنساپسىزلىق قىپتۇ، — دەپتۇ مەككار زەرگەر.

— قانداق دەيسەن؟

— سىز مىڭ پاتمان قىزىل ئالتۇن بەرگەنىكەنسىز، لېكىن بۇ پىل ھەرگىزمۇ مىڭ پاتمان كەلمەيدۇ.

— بۇنى ئۆلچىگىلى بولمايدۇ، قانداق قىلىش كېرەك؟ — دەپ سوراپتۇ پادىشاھ. مەككار زەرگەر كېمىگە سېلىپ ئۆلچەش مەسلىھىتىنى بېرىپتۇ.

پادىشاھ شۇنداق قىپتۇ. پىلنىڭ ئېغىرلىقى ھەقىقەتەن مىڭ پاتمان كەلمەپتۇ. پادىشاھ: «دەرھال ئۇستا ھەسەننى تۇتۇپ، مال-دۇنياسىنى تالان-تاراج قىلىڭلار، ئۆزىنى ئۆلتۈرۈڭلار!» دەپ يارلىق چۈشۈرۈپتۇ.

لېكىن، پادىشاھ ۋەزىرلىرىنىڭ مەسلىھىتى بىلەن ئۇستا

www.uyghurkitap.com

ھەسەننى ئۆلتۇرمەي، قاتتىق جازالاپتۇ. پادىشاھنىڭ قاتتىق جازاسى مۇنداق ئىكەن: شەھەردىن بىرنەچچە كۈنلۈك يىراق يەردە ناھايىتى ئېگىز بىر مۇنار بار ئىكەن، پادىشاھ ئېغىر گۇناھ قىلغانلارنى شۇ مۇنارغا چىقىرىپ قاماپ قويىدىكەن، ئۇ كىشى شۇ يەردە ئاچلىق، ئۇسسۇزلۇق دەردىدە ھالاك بولىدىكەن. ئۇستا ھەسەننىمۇ شۇنداق قىپتۇ، مال - دۇنيالىرىنى خەزىنىگە ئاپتۇ.

بىر كۈنى ئۇستا ھەسەننىڭ خوتۇنى ئېرىنى كۆرگىلى بېرىپتۇ. ئۇستا ھەسەن خوتۇنىنى كۆرۈپ قاتتىق ئاۋازدا قىچقىرىپتۇ. خوتۇنىمۇ ھەسرەتلىك ياشلىرىنى راۋان قىلىپ، يۈشايمىنىنى بىلدۈرۈپتۇ ۋە سوراپتۇ:

— ئەي ئۇستا، ھالىڭ قانداق؟ دانا، زېرەك ئىدىڭ، بۇ بالادىن قۇتۇلۇشنىڭ ئامالى يوقمۇ؟

— ئەي كەم ئەقىل خوتۇن، — دەپتۇ ئۇستا ھەسەن ئاچچىقىنى ئىچىگە يۇتۇپ تۇرۇپ، — بۇ بالاغا سەن سەۋەب بولدۇڭ، ئۆلۈشتىن باشقا چارە يوق !


ئۇستا ھەسەننىڭ خوتۇنى يىغلاپ، ھەممە نەرسىسىدىن ئايرىلىپ ۋەيران بولغانلىقىنى دادلاپ كۆز ياشلىرىنى ئېقىتىپتۇ.

— ئەي كەم ئەقىل خوتۇن، — دەپتۇ ئۇستا ھەسەن ۋارقىراپ، — سەن قىلدىن ئىنچىكە ۋە ناھايىتى پىششىق يىپ ئېلىپ كەلگىن، يەنە ھەسەلمۇ ئالغاچ كەل.

ئايال شۇنداق قىپتۇ. ئۇستا ھەسەن ھەربىر تال يىپنىڭ ئۇچىغا ھەسەلدىن تەگكۈزۈپ قويۇشنى بۇيرۇپتۇ. مۇنارنىڭ ئۇستىدە چۈمۈلىنىڭ ئۇۋىسى بار ئىكەن. ئۇلار سەپ تۈزۈپ، ئۇزۇلمەي تۆۋەندىن ئوزۇق توشۇيدىكەن. ئۇستا ھەسەن يىپنىڭ ھەسەل سۈركەلگەن ئۇچىنى چۈمۈلىلەرنىڭ يولىغا توغرىلاپ قويۇشنى ئېيتىپتۇ. چۈمۈلىلەر ئۇنى چىشلەپ يۇقىرىغا قاراپ مېڭىپتۇ. شۇنداق قىلىپ، بارلىق يىپنى ئۇستا ھەسەنگە يەت-

كۆزۈپتۇ. بۇ يىپلارنى بىر قىلسا بىرنەچچە ئادەمنى باغلاپ كۆتۈرسىمۇ ئۈزۈلمىگۈدەك ئىكەن. ئۇستا ھەسەن ئۇنى ئېشىپ تانا قىپتۇ.

— ئەي خوتۇن، — دەپتۇ ئۇستا ھەسەن تانىنىڭ بىر ئۇچىنى پەسكە تاشلاپ، — بۇ تانىنى بېلىڭگە باغلىغىن. سېنى بەكمۇ سېغىندىم، بۇنىڭ ئۇستىدە قانغۇچە ئوينىشىلىپ، ئاندىن بىللە چۈشۈپ كېتىمىز.



ئەخمەق خوتۇن تانىنى بېلىگە باغلاپ، چىڭ ئېسىلىپ تۇرۇپتۇ. ئۇستا ھەسەن خوتۇنىنى مۇنار ئۇستىگە تارتىۋاپتۇ. ئەخمەق خوتۇن ئۆزىنى ئۇستىنىڭ باغرىغا تاشلاپتۇ. ئۇستا ھەسەن:

— خوتۇن، مەن پەسكە چۈشۈپ ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇشنىڭ ئامالىنى قىلاي، سەن تانىنى مەھكەم تۇتۇپ تۇر. مەن تانىنى بېلىمگە باغلاپ پەسكە چۈشەي، — دەپتۇ.

ئۇستا ھەسەن پەسكە چۈشۈپتۇ ۋە بىر كۈچەپ تانىنى تارتىۋاپتۇ ـ دە:

— ئەي ئەقىلسىز، —

دەپتۇ ۋارقىراپ خوتۇنغا، — بۇ ئىشقا ئۆزۈڭ سەۋەب بول-
غان. ئۆزۈڭ تاپقان بالانى ئۆزۈڭگە تاپشۇردۇم.

ئۇستا ھەسەن شەھەرگە قاراپ راۋان بوپتۇ.

— ئەي ھەسەن، — دەپ توۋلاپتۇ خوتۇن مۇنار ئۇستىدە
يىغلاپ تۇرۇپ، — سەن بىۋاپا، مەن مەزلۇم بىچارىگە مۇنداق
قىلغىنىڭ نىمىسى؟

— ئەي ئەقىلسىز خوتۇن، — دەپتۇ ئۇستا ھەسەن ئارقى-
سىغا قاراپ، — كىمكى ۋەدىگە ۋاپا قىلمىسا، بىۋاپالىق شۇنىڭغا
مەنسۇپتۇر. بۇ بالانى ئۆزۈڭ تاپقان، ئۆزۈڭگە تەئەللۇق نەرسىنى
ئۆزۈڭگە قايتۇردۇم. سەندەك بىۋاپا، ئەقىلسىز خوتۇننىڭ ھايات
قالغىنىدىن ئۆلگىنى ياخشىراق.

ئەلقىسسە: بىر كۈنى ئوتۇنغا كېتىۋاتقان بىر توپ ئوتۇنچى
مۇنار ئۇستىدە يىغلاپ تۇرغان خوتۇننى كۆرۈپتۇ ۋە بۇ خوتۇندىن
سوراپتۇ:

— ئەي مەزلۇم، مۇنار ئۇستىگە ئۇستا ھەسەننى چىقى-
رىپ قويغانىدى. سەن قانداق قىلىپ چىقىۋالدىڭ؟ ئۇستا
ھەسەن قېنى؟

ئۇستا ھەسەننىڭ خوتۇنى ئەھۋالنى بىر - بىرلەپ سۆزلەپ،
ياش تۆكۈپ يىغلاپتۇ. ئوتۇنچىلار ھەيران بوپتۇ ۋە بېرىپ پادى-
شاھقا مەلۇم قىپتۇ. پادىشاھ ھەسەننىڭ ھەقىقەتەن ئەقىللىق ۋە
دانا ئىكەنلىكىگە قايىل بولۇپ، ئۇنىڭ گۇناھىنى كەچۈرۈم
قىلغانلىقىنى جاكارلاپتۇ. ئۆزىنى يوشۇرۇپ يۈرگەن ئۇستا
ھەسەننى چاقىرىپ، ئەھۋالنى بايان قىلىشنى بۇيرۇپتۇ. ئۇستا
ھەسەن مەككار، ھەسەتخور زەرگەرلەرنىڭ سۇيىقەستىنى پاش
قىلىپ، خوتۇنىنىڭ ئەقىلسىزلىق قىلىپ ئۇلارغا خىزمەت
قىلغانلىقىنى، شۇنىڭ ئۇچۇن ئۆزىنىڭ ئەقىل ئىشلىتىپ،
خوتۇننى مۇنار ئۇستىگە چىقىرىپ قويغانلىقىنى ئېيتىپتۇ.

www.uyghurkitap.com

پادىشاھ ۋە مەجلىس ئەھلى ئۇستا ھەسەننىڭ پاراستىگە ئاپىرىن دېيىشىپتۇ.

مەلىكە نەمرۇز ئۆز ھېكايىسىنى تاماملاپتۇ. پادىشاھنىڭ كۆزى ئۇيقۇغا ئەسىر بوپتۇ.

دۈشەنبە كۈنى نۇرلۇق قۇياش زۇلمەت دېرىزىسىدىن باش چىقىرىپ، زېمىننى مۇنەۋۋەر قىپتۇ. شاھ بەھرام مەنزەرۇ رەيھاننى كۆرگىلى كېلىپ يېشىل كىيىملىك مەلىكە بىلەن مەجلىس قۇرۇپتۇ، مەي ئىچىپ سەرخۇش بوپتۇ.

پادىشاھنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، مەلىكە ھېكايىگە ئېغىز ئېچىپتۇ:

ھىندىستاندا خەلقپەرۋەر، ئادالەتلىك، مېھماندوست بىر پادىشاھ ئۆتكەنىكەن. ئۇ ھەر ياقتىن كېلىدىغان مېھمانلارنى نەزەردە تۇتۇپ، ئالىي بىر مېھمانخانا ياسىتىپتۇ، كەلگەن مېھمانلارنى ئاشۇ يەرگە باشلاپ مېھمان قىلىپ، باشقا جايلارنىڭ ئابھاۋاسىنى، ئاجايىپ - غارايىپ يېڭىلىقلىرىنى سورايدىكەن، يېڭى ھۈنەر - سەنئەت بولسا، ئىجتىھات بىلەن ئۆگىنىدىكەن.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ئۇ يەرگە بىر دانىشمەن مېھمان بولۇپ كەپتۇ. پادىشاھ ئۇنى مېھمانخانىغا چۈشۈرۈپتۇ، ھەر خىل لەززەتلىك غىزا قىلدۇرۇپ كۈتۈپتۇ، ئادەت بويىچە كۆرۈپ ئۆتكەن ئۆزگە شەھەر - ۋىلايەتلەردىكى يېڭىلىقلارنى سوراپتۇ. مېھمان كۆپ نەرسىلەرنى سۆزلەپ بېرىپتۇ.

— ئەي دانىشمەن، سەن ھەر خىل ھېكايەتنى قىلىسەن، مەن ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى بىلىمەن، ئەمما ئۆلۈككە جان كىرگۈزەلمەيمەن، ئۆلۈككە جان كىرگۈزۈشنى ئاللاتائالا ئادەمنىڭ قولىغا بەرمەپتۇ، — دەپتۇ پادىشاھ. بۇ سۆزنى ئاڭلىغان مېھمان كىشى تەبەسسۇم قىپتۇ.

— كۈلۈشۈڭنىڭ سەۋەبى نېمە؟ — دەپ سوراپتۇ پادىشاھ.

— ئۆلۈكنى تىرىلدۈرۈشنى ھەقتائالا ئادەمنىڭ قولىغا بەرگەن، — دەپتۇ مېھمان.

— ئەگەر قولۇڭدىن كەلسە، ماڭا كۆرسەت، — دەپتۇ پادىشاھ.

مېھمان دەرھال بىر چۈشنىنى تۇتۇۋېلىپ ئۆلتۈرۈپتۇ ۋە ئۆزىنىڭ جېنىنى چۈشىنگە بېرىپتۇ، ئۆزى شۇ ھامان ئۆلۈپتۇ. ئۆلۈك چۈشىن بولسا شۇ ھامانلا تىرىلىپ ئۇچۇپ، ئۆينىڭ ئىچىنى نەچچە ئايلىنىپ كېلىپ مېھمانغا قونۇپتۇ. مېھمان چۈشىنگە بەرگەن جېنىنى قايتۇرۇۋاپتۇ ۋە شۇئانلا تىرىلىپ ئورنىدىن قوپۇپ كۆلۈپ ئولتۇرۇپتۇ، چۈشىن ئۆلۈپتۇ. پادىشاھ بۇ كارامەتنى كۆرۈپ ھەيران قاپتۇ.

— ئەي ئەزىز مېھمان، — دەپتۇ پادىشاھ ئىلتىجا قىلىپ، — بۇ كارامەت ھۈنەر ئىكەن، ماڭا ئۆگىتىپ قويغىن، ماڭا يادىكار بولۇپ قالسۇن.

مېھمان ھۈنىرىنى پادىشاھقا ئۆگىتىپ قويۇپتۇ ۋە بىرنەچچە كۈندىن كېيىن بۇ شەھەردىن كەتمەكچى بوپتۇ. پادىشاھ كۆپ سوۋغا - ئىنئام بىلەن ئۇزىتىپ قويۇپتۇ.

ئاي - يىللار ئۆتۈپتۇ. پادىشاھ، مەن بۇ نادىر ھۈنەرنى بىلىمەن، مۇبادا ماڭا ئەجەل كېلىپ ئۆلۈپ كېتىپ قالسام، بۇ ھۈنەر زايە بولىدۇ. قانداق قىلىشىم كېرەك، دەپ ئويلاپتۇ. پادىشاھنىڭ ناھايىتى كۆڭلى يېقىن داستۇر ئاتلىق بىر ۋەزىرى بار ئىكەن. بىر كۈنى ئۇنى خىلۋەتكە چاقىرىپتۇ - دە:

— ئەي داستۇر، — دەپتۇ پادىشاھ سىرىنى ئايان قىلىپ، — مەن بىر ئاجايىپ ھۈنەر بىلىمەن، ساڭا ئۆگىتىپ قوياي.

— ئالىيلىرىغا تۇمەن مىڭ رەھمەت ! — دەپتۇ ۋەزىر خۇرسەن بولۇپ. پادىشاھ «روھ يۆتكەش» ھۈنىرىنى ئۆگىتىپتۇ.

ئەلقىسسە: بىر كۈنى پادىشاھ داستۇر بىلەن شىكارغا چىقىپتۇ. ئۇلارغا بىر كېيىك ئۇچراپتۇ. ئۇلار كېيىكنى بىللە

قوغلاپتۇ، كېيىكنى ئۆلتۈرۈپتۇ. ۋەزىرنىڭ نىيىتى بۇزۇلۇپتۇ.

— ئەي پادىشاھىئالەم، — دەپتۇ ۋەزىر مەككارلىق بىلەن، — جانابلىرى ماڭا روھنى ئالماشتۇرۇشنى ئىجتىھات بىلەن ئۆگەت-تىلە، لېكىن چۈشەنچەم دېگەندەك بولمىدى. ھەزرەتلىرىگە مالال كەلمىسە، بۇ كېيىككە روھلىرىنى ئۆتكۈزۈپ باقسىلا، بۇ مەن ئۈچۈن بىر دەرس بولۇپ قالغاي.

— ماقۇل، كۆرۈپ تۇر، — دەپتۇ پادىشاھ ماختىنىپ، — كۆڭلۈڭدە گۇمان قالمىسۇن.

پادىشاھ ئۆز روھىنى كېيىككە ئۆتكۈزۈپتۇ. ۋەزىر ۋاقىتنى غەنىيمەت بىلىپ، دەرھال ئۆز روھىنى پادىشاھنىڭ بەدىنىگە كىرگۈزۈۋاپتۇ. پادىشاھ كېيىك بولۇپ باياۋانغا چىپىپ كېتىپ-تۇ، ۋەزىر پادىشاھ بولۇپ ئوردىغا يېنىپ كەپتۇ. ئۇ پادىشاھنىڭ خوتۇنلىرى بىلەن خالىغانچە ئەيش - ئىشرەت قىپتۇ.

پادىشاھنىڭ بىر خوتۇنى بار ئىكەن، ھەممە خوتۇنلىرىدىن ساھىبجامال، ئاقىل ۋە دانا ئىكەن. پادىشاھ ئۇنى ھەممە خوتۇن-لىرىدىن ياخشى كۆرىدىكەن.

«پادىشاھ» بۇ خوتۇننىڭ قېشىغا كىرىپتۇ ۋە ئۇ نازىنىنىغا قول ئۇزىتىپتۇ. ئاقىل خوتۇن بۇ كىشىنىڭ خۇي - پەيلىنىڭ پادىشاھنىڭ خۇي - پەيلىدىن ئۆزگىچىلىكىنى پەملەپ، ئۆزىنى قاچۇرۇپتۇ، بىر قولىغا زەھەر، بىر قولىغا خەنجەر ئاپتۇ.

— ئەي پادىشاھ، — دەپتۇ ئۇ، — ماڭا قىرىق كۈنلۈك مۆھلەت بەرگىن، دەخلى قىلمىغىن، سېنىڭ خۇلق - مىجەزىڭ پادىشاھقا ئوخشىمايدۇ. يا خەنجەر بىلەن سېنى ئۆلتۈرىمەن، يا زەھەر بىلەن ئۆزۈمنى ئۆلتۈرىمەن، — دەپتۇ پادىشاھنىڭ ئايا-لى. «پادىشاھ» ئىلاجسىز سەۋر قىپتۇ.

ئەلقىسسە: ئەمدى ئىككى كەلىمە سۆزنى كېيىكتىن ئاڭلاڭ: پادىشاھ كېيىك بولۇپ باياۋاندا يۈرۈپتۇ، بىسيار نادامەت

قىپتۇ، ئەمما پايدا بەرمەپتۇ. ئاخىر بىر يېشىللىققا چىقىپتۇ، قارىسا، بىر ئۆلۈك تۈتى ياتقۇدەك. ھوشۇمنىڭ بارىدا روھىمنى تۈتىنىڭ بەدىنىگە ئالاي، دەپ ئويلاپتۇ. تۈتىنىڭ روھسىز جەسىتىگە ئۆز روھىنى ئۆتكۈزۈپتۇ. تۈتى تىرىلىپ ئۇچۇپ ئاسمانغا پەرۋاز قىپتۇ، ئۇچۇپ بېرىپ بىر توپ تۈتىلار قېشىغا بېرىپتۇ. تۈتىلارنىڭ ئارىسىدا بىردەم ئولتۇرۇپتۇ. بۇ تۈتىلار يېڭى كەلگەن تۈتىنىڭ ئەقىل - پاراسىتىنى بىلىپ، ئۆزلىرىگە سەردار قىلىۋاپتۇ. پادىشاھ تۈتى باشقا تۈتىلارغا ھەر خىل تەدبىر - چارىلەرنى ئۆگىتىپتۇ.

بىر كۈنى تۈتىلار بىر دەرەخنىڭ شېخىدا ئولتۇرغانىكەن، بىر سەييات كېلىپ تور قۇرۇپتۇ. تۈتىلار تورغا چۈشۈپ قاپتۇ، ھەرقايسىسى قۇتۇلۇشنىڭ ئامالىنى ئىزدەپ ئالدىرىشىپتۇ.

— ئەي تۈتىلار، — دەپتۇ پادىشاھ تۈتى، — مۇنداق قىلىش بىلەن تۇتقۇنلۇقتىن قۇتۇلغىلى بولمايدۇ، ئەقىل - پاراسەت بىلەن تەدبىر قىلىش لازىم.

— سەن بىزنىڭ سەردارىمىز، بىزگە بىر تەدبىر ئۆگەتكىن، — دەپتۇ باشقا تۈتىلار.

— ئاۋۋال ھەممىڭلار ئۆلۈك بولۇپ يېتىڭلار، — دەپتۇ پادىشاھ تۈتى، — ئاندىن كېيىنكى ئىشنى ماڭا قويۇۋېتىڭلار.

تۈتىلار شۇنداق قىپتۇ. سەييات كېلىپ قارىسا، تۈتىلارنىڭ ھەممىسى ئۆلۈپ قالغان، ئۇ ئۈمىدسىزلىنىپ دەرھال تۈتىلارنى توردىن ئېلىپ تاشلىۋېتىپتۇ. تۈتىلار ئۇچۇپ كېتىپتۇ، ئەمما پادىشاھ تۈتى ئۇچماپتۇ. سەييات خۇشال بولۇپ تۇتۇۋاپتۇ.

— ئەي سەييات، — دەپتۇ پادىشاھ تۈتى، — تۈتىلارنىڭ ئۇچۇپ كېتىشىدىن مالال بولمىغىن. مەن ھەممىسىدىن ئاقىل، ئوبدان تۈتى، ھەممە ئىشلاردىن سېنى خەۋەرلەندۈرۈپ تۇرىمەن. مېنى شەھەرگە ئېلىپ بارغىن، ئالغۇچىلار بولسا،

www.uyghurkitap.com

باھايىمنى مىڭ دىنار دېگىن، ئۇنىڭدىن كەمگە بەرمىگىن.

سەييات بۇ تۇتىنىڭ سۆزىگە ھەيران قاپتۇ ۋە خۇشال بولۇپ شەھەرگە ئېلىپ كەپتۇ. بىر يەردە قويغانىكەن، تۇتى ئۆتكەن كەچكەنلەردىن ھېكايە سۆزلەشكە باشلاپتۇ. كىشىلەر ھەيران بولۇپ يىغىلىپتۇ ۋە سەيياتتىن تۇتىنىڭ باھاسىنى سوراپتۇ. سەييات: «مىڭ دىنار» دەپتۇ. شۇ ئەسنادا ھېلىقى ۋەزىردىن مۆھلەت تىلەپ سەيلىگە چىققان مەلىكە يېتىپ كەپتۇ. يىغىلغانلارنى كۆرۈپ، يىغىلىشنىڭ سەۋەبىنى سوراپتۇ. خالايىق ئىچىدىن بىرى سۆزلەۋاتقان تۇتىنى كۆرسىتىپ، ئەھۋالنى چۈشەندۈرۈپتۇ.

— باھاسى قانچە ئىكەن؟ — دەپ سوراپتۇ مەلىكە.

— مىڭ دىنار.

مەلىكە مىڭ دىنار بېرىپ تۇتىنى سېتىۋاپتۇ ۋە ئاپىرىپ قېشىدا قويۇپتۇ. تۇتى ھەر تەرەپتىن ھېكايە ـ داستان سۆزلەيدىكەن.

بەس، بىر كۈنى مەلىكە خىلۋەتتە ئولتۇرغانىكەن، تۇتى سوراپتۇ:

— ئەي مەلىكە، مېنى تونۇمسەن؟

— تونۇيمەن، — دەپتۇ مەلىكە، — سەن بىر شاتۇتى.

— قېنى تونۇغىنىڭ؟ — دەپ يىغلاپتۇ تۇتى، — بىلگىنكى، مەن بۇرۇنقى پادىشاھمەن، سېنىڭ ئېرىڭمەن.

مەلىكە بۇ سۆزنى ئاڭلاپ ئۈن سېلىپ يىغلاپتۇ.

— ئەي پادىشاھ، بۇ قانداق ئەھۋال؟ — دەپ سوراپتۇ مەلىكە.

تۇتى ئۆتكەن ئەھۋالنى بىر ـ بىرلەپ سۆزلەپتۇ. مەلىكە ھەيران قاپتۇ.

— ئەي پادىشاھ، ئەمدى قانداق قىلىسەن؟ — دەپتۇ مەلىكە.

— ئۇ ۋەزىر تولىمۇ ھىيلىگەر، — دەپتۇ تۇتى، — سەنمۇ ماھىرلىق بىلەن مۇئامىلە قىلغىن، مۇلايىم تەزىم قىلىپ، ئۆزۈڭنى

مايىل قىلىپ كۆرسەتكىن،«سەن روھ كۆچۈرۈش ھۈنىرىڭنى بىر كۆرسىتىپ باققىن» دېگىن. قالغان ئىشنى ئۆزۈم بىر تەرەپ قىلىمەن.

ئەلقىسسە: شۇ كۈنى «پادىشاھ» مەلىكىنىڭ قېشىغا كىرىپ-تۇ. مەلىكە خۇش تەبەسسۇم بىلەن ئالدىغا بېرىپ قارشى ئاپتۇ ۋە ھۆرمەت - ئېھتىرام بىلدۈرۈپتۇ، بىردەم ئۇياق - بۇياقنىڭ سۆزلىرىنى قىلىپ «پادىشاھ»نىڭ كۆڭلىنى كۆتۈرۈپتۇ.

— ئەي شاھ، — دەپتۇ مەلىكە، — سىزنىڭ بىر كارامەت ھۈنىرىڭىز بار ئىدى، ئەگەر شۇ ھۈنەرنى ماڭا كۆرسەتسەڭىز، ئەركىمنى ساڭا تاپشۇرىمەن، نېمە دېسەڭ، ماقۇل دەيمەن. ئەگەر ئۇ ھۈنەرنى ئايان قىلالمىساڭ، ماڭا يېقىن كەلمە.

— سەن قانداقتۇر گۇماندا بولۇۋاتىسەن، جېنىم، — دەپتۇ ۋەزىر پوچىلىق قىلىپ، — سەن دېگەن ھۈنەر «روھ كۆچۈرۈش» ھۈنىرى، ئۇنى ساڭا ئەلۋەتتە كۆرسىتىپ بېرىدە-مەن. بىر توخۇ پەيدا قىلغىن.

مەلىكە خىزمەتچىلەرگە بۇيرۇغانىكەن، توخۇ ئېلىپ كەپ-تۇ، توخۇنى ئۆلتۈرۈپتۇ. ۋەزىر توخۇنىڭ بەدىنىگە ئۆز روھى-نى ئۆتكۈزۈپتۇ. ھوشيار تۇرغان شاتۇتى ئۆز روھىنى ئەسلى-دىكى ئۆز تېنىگە ئۆتكۈزۈپتۇ - دە، توخۇنى ئۆلتۈرۈپ، كۆيى-دۈرۈپ كۈلىنى كۆككە سورۇۋېتىپتۇ.

پادىشاھ ئۆز ھۈنىرىنى قارا نىيەت ۋەزىرگە ئۆگەتكىنىگە پۇشايمان قىلىپ، ئاچچىق ساۋاق ئاپتۇ. مەلىكىنىڭ ۋاپادارلى-قىنى بىلىپ، باشقا خوتۇنلىرىنى تالاق قىلىپ، پادىشاھلىق تەختىدە قارار تېپىپتۇ.

يېشىل كىيىملىك مەلىكە ھېكايىنى شۇ يەردە تاماملاپتۇ. شاھ بەھرام پاراغەت ئۇيقۇسىغا غەرق بوپتۇ.


سەيشەنبە كۈنى شاھ بەھرام مەنزەرۇ بىنەپشىگە راۋان بوپ-

تۇ. بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان رۇم پادىشاھىنىڭ قىزى سەرۇ ئازاد پادى-
شاھنىڭ ئالدىغا چىقىپتۇ. بەھرام بۇ گۈزەل مەلىكىگە تويماي -
تويماي قاراپتۇ. ئۇلار مەجلىس قۇرۇپ شارابخورلۇق قىلىشىپتۇ.
ئالتۇن پىيالىلەرگە لىقمۇلىق مەي تولدۇرۇلۇپ، نازۇكەرەشمە-
لەر بىلەن سۇنۇلۇپتۇ. سۈبھىدىن تا شامغىچە سەرۇ ئازاد بىلەن
بەھرام مەي تۇتۇشۇپتۇ. بەھرام مەي كەيپى بىلەن مەستخۇش بو-
لۇپ، مەلىكىدىن ھېكايە ئېيتىپ بېرىشنى تەلەپ قىپتۇ.

سەرۇ ئازاد ھېكايە باشلاپتۇ:

رۇم شەھىرىدە بىر سودىگەر بولۇپ، مال - دۇنياسىنىڭ
ھەددى - ھېسابى يوق ئىكەن. بۇ سودىگەرنىڭ بىر ئوغلى بو-
لۇپ، ئۇ ھوشيار، زېرەك، دانا ئىكەن، ھەرقاچان بۇ ئالەمدىكى
ئاجايىپ - غارايىپ ئىشلارنى كۆرۈشكە ھەۋەس قىلىدىكەن،
زاماننىڭ يېڭى نەرسىلىرىنى مۇلاھىزە قىلىپ تۇرىدىكەن.

بۇ سودىگەر بىر مېھمانخانا بىنا قىپتۇ. بۇ مېھمانخانىنىڭ
تاملىرىغا ئالتۇن - كۈمۈش يالىتىپ، رەڭمۇرەڭ زىننەت بېرىپ-



تۇ. ئۇ، ھەرقايسى شەھەردىن مۇساپىرلار كەلسە، مېھمانخانىسى-
غا تەكلىپ قىلىپ ئوبدان كۈتىدىكەن ۋە زامانىنىڭ يېڭىلىقلىرى-
نى، ئاجايىپ - غارايىپلىرىنى سورايدىكەن.
كۈنلەرنىڭ بىرىدە بىر مۇساپىر كەپتۇ. بۇ مېھمان جا-
ھاننىڭ ئىسسىق - سوغۇقىنى كۆپ كۆرگەن كىشى ئىكەن.
سودىگەر مەزكۇر مېھماننى ئوبدان مېھمان قىپتۇ، ئۇنىڭغا
تۈرلۈك سوئاللارنى بېرىپتۇ.
— مەن ئۆزلىرىگە ئاجايىپ بىر ھېكايە سۆزلەپ بېرەي، —
دەپتۇ مۇساپىر، — بىر شەھەر بار، خەلقى ئىنتايىن گۈزەل،
ئەمما ئۇ خەلقنىڭ نىسپى سۆزلەيدۇ، نىسپى سۆزلىمەيدۇ.
بۇلارنىڭ خامۇشلۇقىنىڭ سەۋەبىنى سۆزلەيدىغانلاردىن سورد-
سام، ئۇلار ماڭا: «بۇ يەردە ھۆكۈمالار ئىلمىي تىلسىم بىلەن
بىنا قىلغان بىر ھامام بار. كىمدەكىم ئۇ ھامامغا كىرسە،
بىر يىلدا چىقىدۇ، ئەمما ئۇلار خامۇش بولۇپ چىقىدۇ، كېچە -
كۈندۈز بىھوش يۈرىدۇ...» دېيىشتى.
ئەلقىسسە: سودىگەرنىڭ ئوغلى بۇ ھېكايىنى ئاڭلاپتۇ -
دە، شۇ ھامامنى كۆرۈشنى ھەۋەس قىپتۇ، ئاتا - ئانىسى
ھەرقانچە توسۇپ نەسىھەت قىلسىمۇ ئۇنىماپتۇ، ئاخىر نۇرغۇن
ئالتۇن - كۈمۈش ۋە خىزمەتچىلەرنى ئېلىپ يولغا راۋان بوپ-
تۇ، ھېلىقى مۇساپىرنىمۇ ھەمراھ قىلىۋاپتۇ. ئۇلار شەھەرمۇ
شەھەر يۈرۈپ، بىر يىلدا ھېلىقى شەھەرگە يېتىپ كەپتۇ.
سودىگەرنىڭ ئوغلى ھامامغا كىرمەكچى بولۇپ، ھەمراھلىرىغا:
— مېنى بىر يىل ساقلاڭلار، تىرىك چىقسام، خوپ، ئە-
گەر تىرىك چىقمىسام، بۇ مال - دۇنيالىرىمنى، خىزمەتچد-
لىرىمنى ئېلىپ كېتىڭلار، — دەپتۇ ۋە ھەمراھلىرى بىلەن
خوشلىشىپ ھامامغا كىرىپ كېتىپتۇ.
ئەلقىسسە: سودىگەرنىڭ ئوغلى ھامامغا كىرىپ بىرنەچچە

قەدەم ماڭغانىكەن، بىر گۈمبەز كۆرۈنۈپتۇ. ئۇ نامايىتى كەڭ بولۇپ، ئىچىدە ھېسابسىز ھۆجرا بار ئىكەن، بۇ ھۆجرىلارنىڭ ھەممىسى قاراڭغۇ ئىكەن. بۇنى كۆرگەن يىگىت ھەيران بوپتۇ ۋە قورقۇپتۇ، بەدىنىنى تىترەك بېسىپتۇ، كىرگىنىگە يۈزمىڭ پۇشايمان قىپتۇ، ئەمما ھېچ پايدىسى بولماپتۇ. ئاندىن بىر ئىشىك كۆرۈنۈپتۇ. ئۇنىڭدىن كىرسە، يەنە يۈزمىڭ ئىشىك تۇرغۇدەك. ئۇ بىر ھەپتە ئاچلىق ۋە ئۇسسۇزلۇق بىلەن ئۆزىنى خۇداغا تاپشۇرۇپ، نالە ـ زارلىق ئىچىدە يىغلاپ يۈرۈپتۇ. ئاقىۋەت يەنە بىر ئىشىك كۆرۈنۈپتۇ. ئۇ ئىشىكتىن كىرسە، بىر چارباغ نامايان بوپتۇ، بۇ باغدىكى دەرەخلەرنىڭ شاخلىرى ئاسمانغا بوي سوزغان بولۇپ، شاخ ـ شاختا ھەر خىل شېرىن مېۋىلەر پىشىپ كەتكەن، تەرەپ ـ تەرەپتە ھەر خىل گۈللەر ئېچىلغان، ئېرىقلىرىدا سۇلار شىرىلداپ ئېقىپ تۇرغانىكەن.

بىر كېچىسى بۇ يىگىت ھەر خىل مېۋىلەردىن يەپتۇ ۋە ھەر تەرەپنى سەيلە ـ تاماشا قىپتۇ، بىرنەچچە چاقىرىم يول يۈرۈپتۇ. بىر ساراي كۆرۈنۈپتۇ. ئۇنىڭدا مىڭ ھۆجرا، ھەر ھۆجرىنىڭ ئالدىدا بىردىن شاھانە سۇپا بار ئىكەن. يىگىت بۇ يەرلەرنىمۇ ئايلىنىپ تاماشا قىپتۇ. كۈن ئولتۇرۇپ قاراڭغۇ چۈشۈپتۇ. يىگىت پەرىشان بولۇپ، سارايىنىڭ بىر بۇلۇڭىدا ئولتۇرۇپتۇ. چارباغ تەرەپتىن بىر قۇياش مەسەللىك رەنا ئىككى يۈز ساھىبجامال قىز بىلەن پەيدا بوپتۇ ۋە سارايغا كىرىپ كەپتۇ. ئۇ رەنا ئالتۇن تەختتە، قىزلار تەخت ئەتراپىدا سەپ تۈزۈپ ئولتۇرۇپتۇ. رەنا بىر قىزغا قاراپ:

— بۇ يەردە بىر غېرىب ئادەم يېتىپتۇ، ئېلىپ كەلگىن، — دەپتۇ.

ھېلىقى قىز يىگىتنىڭ قېشىغا كېلىپ، مەلىكىنىڭ چاقىرىۋاتقانلىقىنى ئېيتىپتۇ.



www.uyghurkitap.com

مەلىكە مۇساپىرنىڭمۇ ئولتۇرۇشقا قاتنىشىشىنى بۇيرۇپتۇ. بۇ سۆزنى ئاڭلىغان يىگىتنىڭ ۋۇجۇدىغا ھاياجان يامراپتۇ. ئۇ دەرھال مەلىكىنىڭ ئالدىغا بېرىپ تەزىم بەجا كەلتۇرۇپتۇ.

— ئەي يىگىت، — دەپتۇ مەلىكە، — غېرىب - مۇساپىر ئوخشايسەن، كەل، تەختتە ئولتۇرغىن.

مەلىكە يىگىتنىڭ قولىدىن تۇتۇپ تەختكە ئېلىپ چىقىپ يېنىدا ئولتۇرغۇزۇپتۇ. ئۇلار بىرنەچچە پىيالە مەينى بىللە ئىچىپتۇ. يىگىت مەست بوپتۇ، مەلىكىگە كۆڭلى چۇشۇپ قول سوزۇپتۇ.

— ئەي يىگىت، — دەپتۇ مەلىكە خىجىل بولۇپ، — كېنىزەكلەر مېنىڭ ھەمراھلىرىم، ئۇلار ئالدىدا نومۇس قىلىمەن. بۇلارنىڭ قايسىسىنى خالىساڭ، تاللاپ ئىشرەت قىل، ھازىر ماڭا قول ئۇزاتما، پۇرسىتىنى كەلتۇرۇپ مېنىڭ بىلەنمۇ ئىشرەت قىلىسەن.

مەلىكە بىر قىزغا ئىشارەت قىپتۇ. ئۇ قىز چاققانلىق بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ، لەۋلىرىدە تەبەسسۇم غۇنچىسىنى ئېچىلدۇرۇپ، يىگىتنىڭ ئالدىغا كېلىپ تەزىم قىپتۇ ۋە قولىدىن تۇتۇپ بىر پىنھان ھۇجرىغا باشلاپ كىرىپتۇ. ئۇلار ئىشرەت قىلىپ ئۇخلاپ قاپتۇ. ئۇيقۇدىن بىدار بولۇپ قارىسا، كۇن چىقىپتۇ، ئەمما نازىنىن - رەنالارنىڭ ھېچقايسىسى كۆرۇنمەپتۇ، ھەر تەرەپكە قاراپتۇ، نە قىز، نە ئىز يوق، يىگىت ھەيران بوپتۇ.

يەنە كۇن ئولتۇرۇپ قاراڭغۇلۇق قانات يېيىپتۇ. رەنالار يەنە پەيدا بوپتۇ. شۇ تەرىقىدە بىر ھەپتە ئۆتۇپتۇ. يىگىت سەككىزىنچى كۇنى مەلىكە بىلەن ئىشرەت قىپتۇ.

— ئەي يىگىت، مېنىڭ بەدىنىمنى كۆرمىگىن، — دەپتۇ مەلىكە. يىگىت ئۇخلاپ ئويغىنىپ، مەلىكىنىڭ بەدىنىگە قاراپ

www.uyghurkitap.com

سالغانىكەن، مەلىكە بىر كاچات ساپتۇ. يىگىت بىھوش بولۇپتۇ، يەنە هوشىغا كەپتۇ. قارىغۇدەك بولسا، بىر باياۋاندا تۇرغۇدەك. بۇ باياۋاننىڭ ۋەھىمىسىدىن قورقۇپ جېنى چىققىلى ئازقاپتۇ. پەرياد ـ پىغانلار قىپتۇ، هېچ چارە تاپالماپتۇ، ئاخىر بېشى قايىغان تەرەپكە قاراپ راۋان بوپتۇ.

ئەلقىسسە: يىگىت چۆلمۇچۆل، باياۋانمۇباياۋان ئاچ هەم ئۇسسۇز يۈرۈپتۇ. ئاقىۋەت بىر كەنتكە چىقىپتۇ ۋە بىر موماينىڭ ئۆيىگە كەپتۇ. ئۇ موماي يىگىتتىن هال ـ ئەھۋال سوراپ تائام بېرىپتۇ. يىگىت كۆرگەنلىرىنى ۋە بېشىدىن ئۆتكەن سەرگۈزەشتىلىرىنى بىر ـ بىرلەپ سۆزلەپ بېرىپتۇ.

— ئەي يىگىت، — دەپتۇ موماي، — ماڭا بىرقانچە كۈن خىزمەت قىلغىن. بىر ساھىبجامال قىزىم بار، ساڭا بېرەي.

موماي قىزىنى كۆرسىتىپتۇ. يىگىت بىر قاراشتىلا قىزغا شەيدا بوپتۇ. ئاخىر موماي قىزىنى بېرىپتۇ، ئەمما بۆلەك ئۆي بەرمەپتۇ. ئۇ يىگىت هەرقاچان ۋىسال تەقەززاسىدا ئۆتۈپتۇ.

— ئەي يىگىت، — دەپتۇ قىز مەسلىھەت كۆرسىتىپ، — مېنى پىنهان بىر يەرگە ئېلىپ بار، شۇ يەردە ئۆز ئارزۇيىمىزچە ئەيش ـ ئىشرەت قىلايلى!

يىگىت شۇ نىيەتتە، مومايغا:

— ئەي ئانا، قىزىڭغا رۇخسەت قىلغىن. ئىككىمىز بۇ ئەتراپتا سەيلە ـ تاماشا قىلىپ كەلسەك، — دەپتۇ.

موماي قىزىغا چىدىماي يىغلاپتۇ، ئاخىر نائىلاج رۇخسەت قىپتۇ. قىز خۇشال بوپتۇ ۋە يىگىتكە بۇيرۇپتۇ:

— ئېشەكنى توقۇپ، ئوزۇقلارنى يۈكلىگىن. ئېشەكنىڭ قۇيرۇقىنى هەرگىز تۇتمىغىن.

يىگىت ئېشەكنى ئېلىپ كېلىپ توقۇم ساپتۇ. قۇشقۇنىنى سالغاندا ئېھتىياتسىزلىقتىن قۇيرۇقىنى تۇتۇپ ساپتۇ. ئېشەك

بىرنى تېپىپتۇ، يىگىتنىڭ كۆزىگە بارچە ئالەم قاراڭغۇلاشقاندەك بولۇپ، بوران چىقىشقا باشلاپتۇ. يىگىت بىھوش بولۇپ يىقىلىپتۇ. بىر چاغدا ھوشىغا كېلىپ كۆزىنى ئاچقان يىگىت ئۆزىنى بىر تاغ ئۈستىدە كۆرۈپتۇ، قارىسا، موماي، قىز، ئېشەكنىڭ ھېچبىرى يوقمىش.

ئەلقىسسە: تاغ ئۈستىدە ھاۋا ناھايىتى ئىسسىق ئىكەن. يىگىت نالە - زار قىلىپ، ئۆلۈمدىن باشقىغا چارە تاپالماپتۇ، بىر ياققا قارىسا، بىر يېشىل بوستان كۆرۈنۈپتۇ، ئۇ يەرگە بارسا، بىر بوۋاي ئولتۇرغۇدەك.

— ئەي سەرگەردان يىگىت، قەيەردىن كەلدىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ بوۋاي، — بۇ يەردە نېمە قىلىپ يۈرسەن؟

يىگىت بېشىدىن ئۆتكەن كەچۈرمىشلىرىنى تەپسىلىي سۆزلەپ بېرىپتۇ. بوۋاي ھېلىقى موماي ئۇچرىغان يەرنىڭ پەرىلەر ماكانى ئىكەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ شۇلارغا تەۋە مەخلۇقلار ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىپتۇ.

— ھاياتلىقتىن نىسۋەڭ بار ئىكەن، — دەپتۇ بوۋاي، — خۇدا ساڭا رەھىم قىپتۇ، شۇڭا سالامەت قاپسەن. جان تېنىڭدە بولسىلا، گىياھ ۋە مېۋىگە قانائەت قىلالىساڭ، ئاخىر سەنمۇ مېنىڭدەك قېرىيسەن. ئەگەر ھەر ياقلارغا بېرىشنى ھەۋەس قىلساڭ، ئادەمخور قۇشلار سېنى پارە - پارە قىلىدۇ.

يىگىت بوۋاينىڭ قېشىدا بىرنەچچە مەزگىل تۇرۇپتۇ. بىر كۈنى يىراقلارغا بېرىپ تاماشا قىپتۇ. بىر چاغدا بىر ئادەمخور قۇش كېلىپ ئۇنىڭغا چاڭگال ساپتۇ - دە، ئۇنى كۆتۈرۈپ ئاسمانغا پەرۋاز قىپتۇ. تاغلاردىن ئېشىپ بىر غارنىڭ ئاغزىغا كېلىپ قونۇپتۇ. يەنە بىر قۇش بۇلارنى كۆرۈپ قېلىپ يېتىپ كەپتۇ ۋە ئىككى قۇش يىگىتنى تالىشىپ سوقۇشۇپ كېتىپتۇ. يىگىت پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ، ئۆزىنى غارنىڭ ئىچىگە ئاپ-

تۇ. ئېچكىرىلەپ بىر ھەپتە قېچىپتۇ، ئاخىر بىر زىرائەتلىك ۋە مېۋىزارلىقتا چىقىپتۇ.

ئەلقىسسە: يىگىت بىر كۈن يول يۈرۈپ بىر شەھەرگە يېتىپتۇ. قارىسا، شەھەر دەرۋازىسى ئالدىدا كىشىلەر سەپ- سەپ بولۇپ يولغا تەقەززالىق بىلەن قاراپ تۇرۇپتۇ. يىگىت يېتىپ بارغان ھامان ئۇلار ئىززەت - ئىكرام بىلدۈرۈپ، شاھانە كىيىم - كېچەك، بېشىغا سەلتەنەت تاجىنى كىيدۈرۈپ، دۈلدۈلغا مىندۈرۈپ، ۋەزىر - ئەمىرلارنىڭ ھەمراھلىقىدا بىر خىلۋەت خانىغا باشلاپ كەپتۇ. ھەممىسى يىگىتكە ئېگىلىپ قول باغلاپ، تەزىم قىلىپ تۇرۇپتۇ. يىگىت ھەيران بوپتۇ.

— ئەي يىگىت، — دەپ چۈشەندۈرۈپتۇ ئۇلاردىن بىرى، — بۇ شەھەرنىڭ رەسىم - قائىدىسىدە، پادىشاھ ئۆلگەندە ھەممەيلەن شەھەر دەرۋازىسى ئالدىغا چىقىپ يولغا قارايدۇ. يىراقتىن قانداق كىشى يېتىپ كەلسە، ئۇنى ئۆزلىرىگە شەرتسىزلا مۇناسىپ پادىشاھ ھېسابلايدۇ. پادىشاھىمىز ئۇ ئالەمگە كەتكەندىن بۇيان، يولغا كۆز تىكىپ تۇرغانىدۇق. ھەق دەرگاھىدا پادىشاھلىق ساڭا نېسىپ بولغانىكەن. بۈگۈندىن باشلاپ بىزنىڭ پادىشاھىمىزسەن. ئۆزۈڭگە ھەرقاچان ئادالەتنى يار قىلىپ، پۇقرالارنىڭ ھال - دەردىگە يەتكەيسەن...

يىگىت خۇشال بوپتۇ. ھەممەيلەن ئۇنى مۇبارەكلەپتۇ. باشقىلار تارقاپ كېتىپتۇ. مەرھۇم پادىشاھنىڭ ھەرەمخانىسىدىن بىر مۇلازىم كىلىپ، تەزىم قىلىپ، ئەدەپ بىلەن تۇرۇپتۇ.

— نېمە ئادەم سەن؟ — دەپ سوراپتۇ يىگىت.

— مەن مەرھۇم پادىشاھنىڭ ھەرەمخانا مۇلازىمى ئىدىم. ئۇ پادىشاھنىڭ يەنە بىر ھەرىمى بار. سىزنى ئۇ ھەرەمگە باشلاپ بارىمەن، — دەپتۇ ھېلىقى كىشى.

يىگىت بۇ كىشىگە ئەگىشىپ بىر قەلئەگە كەپتۇ. ئېسىل

كىيىنىپ، قولىدا بىر جۈپ قىزىلگۈل تۇتقان بىر نازىنىن ئۇنىڭ ئالدىغا چىقىپتۇ ۋە قولىدىكى گۈلنى يىگىتكە تۇتۇپتۇ، يىگىتنى بىر خىلۋەت سارايغا باشلاپ كىرىپتۇ، ھاماماغا باشلاپ كىرىپ، مۈشك ۋە گۈلاب بىلەن پاكىز يۇيۇپتۇ، ئاخىردا ئويۇن - تاماشىغا تۇتۇش قىپتۇ.

ئەتىسى ھەرەمخانا مۇلازىمى كېلىپ، يىگىتنى يەنە بىر ھەرەمگە باشلاپ بېرىپتۇ. ئۇ ھەرەمدىنمۇ گۈل تۇتقان بىر قىز چىقىپ يىگىتنى كۈتۈۋاپتۇ، ھاماماغا باشلاپ كىرىپ، يۇيۇندۇرۇپ، ئالىي كىيىملەرنى كىيدۈرۈپتۇ. شاراب ئىچىپ مەستخۇش بولغاندىن كېيىن، ئەيش - ئىشرەت قىلىشقا كىردىشىپتۇ. شۇ تەرىقىدە ئالتە كۈن ئۆتۇپتۇ. نۆۋەت يەتتىنچى ھەرەمگە كەلگەندە، مۇلازىم:



— ئەي يىگىت، ئالتە ھەرەمگە كىرىپ ئىشرەت قىلدىڭىز. يەتتىنچى ھەرەمدىن ھەزەر قىلىڭ، ئىلگىرىكى پادىشاھلار بۇ ھەرەمگە كىرگەندە كۆك لىباس كىيەتتى، — دەپتۇ.

يىگىت بۇنىڭ سەۋەبىنى سورىماپتۇ، سارايغا — نازىنىن قېشىغا كىرىپتۇ. بۇ يىگىتكىمۇ كۆك كىيىم كىيگۈزۈشۈپتۇ. شۇ زامات يىگىت ئۆزىنى سارايىنىڭ ئىچىدە كۆرۈپتۇ.

يىگىت بىر يىلغىچە بەزىدە راھەت كۆرۈپ، بەزىدە مۇشەققەت تارتىپ، ئاتا - ئانىسىنىڭ قېشىغا ساق - سالامەت يېتىپ كېلىپ، بېشىدىن ئۆتكەن سەرگۈزەشتىلىرىنى بىر - بىرلەپ سۆزلەپ بېرىپتۇ.

ئەلقىسسە: سەرۇ ئازاد ئەپسانىلىرىنى تۈگىتىپ، بەھرام بىلەن تۆشەك ئارامگاھىدا قارار تېپىپتۇ.

چارشەنبە كۈنى قۇياش زۇلمەت دېرىزىسىدىن باش چىقىرىپ، ئالەم روشەن بوپتۇ. بەھرام مەنزەرۇ نارجىنىغا راۋان بوپتۇ. كەيلان شاھىنىڭ قىزى خۇرشىد چېھرە كىيىملىرىنى كىيىپ، مىڭ تۈرلۈك نازۇ كەرەشمە بىلەن بەھرامنىڭ ئالدىغا چىقىپ كۈتۈۋاپتۇ.

شاھ بەھرام كۆرۈپتۇكى، بۇ مەلىكە تولىمۇ گۈزەل ئىكەن، بوستان چاچلىرى يەلپۈنۈپ ھەر تەرەپكە چېچىلىپ تۇرىدىكەن، ھەرقانداق كىشىنى زىبالىق ئەپسۇنى بىلەن دىۋانە قىلىدىكەن، چىشلىرى ئۈنچىدەك، ئاغزى غۇنچىدەك بولۇپ، ئۈنىڭدىن چىققان شېرىن سۆزلەر دىللارغا ھۇزۇر بېغىشلاپ مەست قىلىدىكەن.

بۇ زىبانى كۆرۈپ بەھرامنىڭ ئەقلى بۇزۇلۇپتۇ، خاس خىزمەتچىلىرى كېلىپ، تەخت ئالدىدا سۆھبەت ھازىرلىقىنى قىپتۇ. ساقىيلار پىيالىلەرنى شاراب بىلەن تولدۇرۇپ ئۆزىتىشقا باشلاپتۇ، خۇش ئاۋاز سازەندە - ناخشىچىلار بۇلبۇلدەك ناۋا قىد-

لىشىپتۇ. بۇ مەجلىس كەيپىياتىنى باغى ئېرەمنىڭ ھۆر - پەرى-
لىرى كۆرسە، ھەسەت قىلىپ، ھەسرەت چېشلىرىدا بارماقلىرى-
نى چىشلىگەن بولاتتى. شاراب بىلەن كۆڭۈللىرى ئېچىلىپ
مەستخۇش بولغان مەجلىس ئەھلى ئۆز مەنزىللىرىگە قايتىپتۇ.
بەھرام بىلەن خۇرشىد چېھرە پاراغەت تۆشىكى ئۈستىدە دۆلەت
تەكىيىسىگە يۆلىنىپتۇ.


ئەلقىسسە: خۇرشىد چېھرە مەجلەس ئارا ئىسمىلىك كې-
نىزىكىنى چاقىرىپتۇ. بەھرام ئۇنىڭغا قىزىق بىر ھېكايە
سۆزلەپ بېرىشنى بۇيرۇپتۇ. مەجلەس ئارا ئۆزىنى تۈزەپ ئول-
تۇرۇپ ھېكايىسىنى باشلاپتۇ:

بۇرۇنقى زاماندا شام شەھىرىدە بىر پادىشاھ ئۆتكەنىكەن،
دۇنيادەپىنىلىرى بىھېساب بولۇپ، ھېچ نەرسىدىن تەڭلىكى
يوق ئىكەن. ئۇ خەير - ساخاۋەتتە ھاتەمدىن قېلىشمايدىكەن،
ئەمما بىرمۇ پەرزەنتى يوق ئىكەن، پەرزەنت ئارزۇسىدا ئۆلە-
مالارغا ئالتۇن - كۆمۈش، قوي، تۆگە ئىنئام قىلىپ، ئۇلار-
نىڭ دۇئاسىنى ئاپتۇ، ئۆزىمۇ ياشلىرىنى باھار يامغۇرىدەك
راۋان قىلىپ، خۇدايىتائالاغا مۇناجات قىپتۇ. ئاللاتائالا ئۇنىڭ
تىلىكىنى ئىجابەت قىلىپ بىر ئوغۇل ئاتا قىپتۇ. بۇ ئوغۇل-
نىڭ چېھرىدىن دۆلەت ۋە شىجائەتنىڭ نۇرى كۈندەك نۇرلىنىپ
تۇرىدىكەن. پادىشاھ ئوغلىغا روشەن راي دەپ ئات قويۇپتۇ.

ئوغۇل يەتتە ياشقا كىرگەندە مەكتەپكە بېرىپتۇ، تامامى
ئىلىمدىن بەھرە ئېلىپ، ئەقىل كۆزى ئېچىلىپتۇ. ئوغۇل ئون
تۆت ياشقا كىرىپتۇ، لەشكىرىي ئىلىمدىن تەلىم ئاپتۇ، چەۋەنداز-
لىق، شەمشەرۋازلىق قاتارلىق ھۈنەرلەردە كامالەتكە يېتىپتۇ.

روشەن راي بىر كۈنى شىكاردىن قايتىپ كېلىۋېتىپ، تو-
قايلىقتا تۇرغان بىر كىشىنى كۆرۈپتۇ، بېرىپ ئىزدەپتۇ، لېكىن
تاپالماپتۇ، ئۈچ كۈنگىچە ئىزدەپتۇ. ھېلىقى ئادەم يىراقتىن

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكىتى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



كۆرۈنىدىكەن، يېقىن بارسا، يوقىلىپ كېتىدىكەن. روشەن راي ھەمراھلىرىغا بۇ كىشىنى قانداق قىلىپ بولسۇن تېپىپ كې-لىشنى بۇيرۇپتۇ. غۇلاملار ھەر ياقنى ئىزدەپ يۈرۈپ ھېلىقى كىشىنى تېپىپ كەپتۇ. روشەن راي كۆرۈپتۇكى، ئۇ چېچى تىزىغا چۈشكەن گۈزەل يىگىت ئىكەن.

— ئەي پادىشاھ يىگىت، — دەپتۇ ھېلىقى مۇساپىر يى-گىت، — شۇنچە ئامال قىلىپمۇ سىلەردىن ئۆزۈمنى قاچۇرال-ماي ئەسىر بولدۇم. كىشىلەردىن قېچىشىمنىڭ سەۋەبى بار.

— ئەي يىگىت، سەن سىرىڭنى ھەممىنى ياراتقۇچى خۇدانىڭ ھەققىدە ماڭا ئېيتقىن، — دەپتۇ شاھزادە روشەن راي.

— ئەي روشەن راي، يەمەن دەرياسىدىن ئۈچ ئايلىق يولدا بىر تاغ بار، تاغنىڭ بېشىدا بىر كۆلچەك بار، كۆلچەك-نىڭ لېۋىدە بىر تاش بار، ئۇ تاشقا خەت پۈتۈلگەن. ھەرقانداق مۇرادىڭ بولسا، شۇ يەردە ھاسىل بولغۇسى....

ئۇ شۇنداق دەپتۇ - دە، مەجنۇندەك زار - زار يىغلاپ، بېشىغا توپا چېچىپ، باياۋانغا يۈگۈرۈپ كېتىپتۇ. روشەن راي ھەيران بوپتۇ ۋە شۇ ھەيرانلىق ھەسرىتى بىلەن شىكاردىن قايتىپتۇ. گەپ - سۆزدىن، يېمەك - ئىچمەكتىن قاپتۇ.

خىزمەتكارلار شاھزادىدىكى بۇ ئۆزگىرىشنى شاھقا مەلۇم

قىپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان پادىشاھ ۋەزىرلىرىنى ئوغلىنىڭ ئالدىغا ئەھۋال بىلىپ كېلىشكە بۇيرۇپتۇ. ۋەزىرلەر كېلىپ خامۇش ئولتۇرغان روشەن راينى كۆرۈپتۇ.

— ئەي شاھزادە، نېمە ئۈچۈن مالالسىز؟ — دېيىشىپتۇ ۋەزىرلەر، — بۇ ھالىڭىزنى پادىشاھ ئاڭلاپ بىئارام بولدى، بىزنى «ئوغلۇمنىڭ سىرىنى بىلىپ كېلىڭلار، قانداق مۇرادى بولسا، ھەل قىلىپ بېرىمەن» دەپ ئەۋەتتى.

— كۆڭلۈمدە بىر ھەۋەس بار، — دەپتۇ شاھزادە، — شۇنىڭ سەۋەبىدىن مالال بولدۇم.

ئۇ شىكارغا چىققاندا يۈز بەرگەن ۋەقەنى بىر - بىرلەپ سۆزلەپ بېرىپتۇ. ۋەزىرلەر بۇ سەرگۈزەشتىنى پادىشاھقا يەت-كۈزۈپتۇ.

ئەھۋالدىن خەۋەرلەنگەن پادىشاھ دەرھال مەجلىس چاقى-رىپ، روشەن رايغا كىشى ئەۋەتىپتۇ. روشەن راي كېلىپ بىر چەتتە خامۇش ھالدا ئولتۇرۇپتۇ.

— ئەي يۈرەك پارەم، — دەپتۇ پادىشاھ يىغلاپ، — نېمە بولدۇڭ؟ سەندىكى قانداق دەرد؟ ھەرقانداق ۋەقە بولسا، خۇدا-نىڭ ھەققى - ھۆرمىتى ئۈچۈن ماڭا بايان قىلغىن، قولۇمدىن كەلسىلا بىر ئامال قىلغايمەن.

روشەن راي ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ سۆزگە ئېغىز ئېچىپتۇ:

— ئەي ئاتا، ئۆمرۈڭ ئۇزۇن، دۆلىتىڭ زىيادە بولسۇن، قۇدرىتىڭ كامال تاپسۇن. يەمەن دەرياسىنىڭ بويىدا سەيلە قى-لىشنى ھەۋەس قىلىپ قالدىم، ئۇ يەرگە بارماي كۆڭلۈم ئەمىن تاپمايدۇ. بۇ ھەقتە قىلىنغان ھەرقانداق نەسىھەت خۇددى قۇيۇز-نىڭ پۇتىنى باغلايمەن دېگەندەك، بىھۇدە ئاۋارىگەرچىلىك بولى-دۇ، خالاس.

پادىشاھ نائىلاج رۇخسەت بېرىپتۇ، بۇ ھېساب لەشكەر تەي-يارلاپ، ئوغلىنى يەتتە كۈنلۈك يەرگىچە ئۇزىتىپ بېرىپ، ئاللا-تائالاغا تاپشۇرۇپ، ماتەمدار كىشىدەك يىغلاپ كەينىگە يېنىپتۇ.

روشەن راي كېچە ـ كۈندۈزلەپ يول يۈرۈپ، ئاقىۋەت يەمەن دەرياسىنىڭ بويىغا يېتىپ كەپتۇ ۋە كېمە راسلاپ، لەشكەرلىرى بىلەن بىللە دەرياغا كىرىپتۇ، دەريادا بىرنەچچە كۈن يۈرۈپتۇ. ئالەمنى بىردىنلا قاراڭغۇلۇق بېسىپ، قاتتىق بوران چىقىپتۇ. كېمىلەر ئۆرۈلۈپ، سانسىز لەشكەر ھالاك بولۇپ كېتىپتۇ. روشەن راي مۇدەببەر دېگەن بىر خىزمەتچى-سى بىلەن ئامان قاپتۇ. روشەن راي بىر ئامال قىلىپ بىر تاختىغا ئولتۇرۇۋاپتۇ، بۇ ئىشقا قەدەم قويغىنىغا پۇشايمان قىپتۇ، توۋا قىلىپ يىغلاپ خۇداغا مۇناجات قىپتۇ. تاختاينى شامال ئىتتىرىپ دەريا لېۋىگە چىقىرىپتۇ. ئۇ گاھى ھوشيار، گاھى بىھوش بولۇپ دەريا لېۋىدە تۇرۇپتۇ، ئاندىن باياۋانلارنى كېزىپتۇ، خەتمە ئوقۇپ غېرىبلار روھىغا بېغىشلاپتۇ. شۇ ھا-لەتتە ئارىدىن ئۈچ ئاي ئۆتكەندە بىر تاغ كۆرۈنۈپتۇ. روشەن راي نۇرغۇن مېھنەت ۋە مۇشەققەتلەر بىلەن ئۇ يەرگە بېرىپتۇ.

ئەلقىسسە: روشەن راي تاغنىڭ ئۈستىگە چىقىپتۇ. دېگەن-دەك ئۇ يەردە بىر كۆلچەك، كۆلچەكنىڭ لېۋىدە خەت پۈتۈلگەن بىر تاش بار ئىكەن. تاشقا: «ھەركىم بۇ كۆلچەككە چۆمۈپ چىقىپ راست سۆزلىسە، سالامەت بولغاي، ئەگەر يالغان ئېيتسا، قارنى يېرىلىپ ئۆلگەي، يالغان سۆزلەش، غەيۋەت قىلىش تەرك ئېتىلگەي» دېگەن خەت پۈتۈلگەنىكەن.

مۇدەببەر يالغانچى ۋە غەيۋەتخور ئىكەن. ئۇلار يالغان ئېيت-ماسلىققا ئەھدە قىلىشىپتۇ.

روشەن راي كۆلچەكتىن چىقىپ قارىسا، كۆل بويىدا مۇدەب-بەر يوق، بىر بوۋاي ئولتۇرغۇدەك. روشەن راي سالام قىپتۇ.

بوۋاي جاۋاب سالام قايتۇرۇپتۇ ۋە سوراپتۇ:

— ئەي يىگىت، بۇ باياۋاندا نېمە قىلىپ يۈرىسەن؟ بۇ يەرگە نېمە ئۈچۈن كەلدىڭ؟

روشەن راي سەرگۈزەشتىسىنى بىر - بىرلەپ سۆزلەپ بېرىپتۇ.

— ئەي شاھزادە، — دەپتۇ بوۋاي، — بۇ سىردىن ۋاقىپ بولماي تۇرۇپ، بۇ يولغا قەدەم ئالمىساڭ، ياخشى بولاتتى، ئەمدى پايدىسى يوق.

بوۋاي بىرمۇنچە نەسىھەتلەرنى قىپتۇ ۋە ئاخىردا مۇنداق دەپتۇ:

— ئۆز دىيارىڭغا بالادىن قۇتۇلۇپ بارارسەن. سەن بۇ يەردىن چىقىپ ئۈچ كۈندىن كېيىن بىر توپ كىشىگە قوشۇلىسەن. خەير - خوش!

روشەن راي بوۋاي بىلەن خوشلىشىپ يولغا راۋان بوپتۇ. دېگەندەك، ئۈچ كۈندىن كېيىن بىر توپ كىشى ئۇچراپتۇ. ئۇلار شاھزادىنى كۆرۈپ ھەيران بوپتۇ، شاھزادىگە تويغۇدەك تاماق بېرىپتۇ. ئۇلار شاھزادىنى قاراقچىلارنىڭ خەۋەرچىسىمىكىن، دەپ گۇمانلىنىپتۇ، شاھزادىگە كىيىم - كېچەك بېرىپتۇ.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com


شاھزادە نەچچە كۈندىن بېرى ئاچ ـ يالىڭاچ يۈرگەن ۋە ئۇخ-لىمىغانلىكەن، شۇڭا يېتىپلا ئۇخلاپ قاپتۇ. ھېلىقى كىشىلەر شاھزادىنى ئويغاتماي، بۇ يەردىن كۆچۈپ كېتىپتۇ.

سۈبھى سۈزۈلگەندە شاھزادە ئويغىنىپ قارىسا، قېشىدا ھېچ ئادەم يوق، پەقەت ئازراق يېمەكلىك تۇرغۇدەك. روشەن راي ھەيران بولۇپ، پايانسىز باياۋاندا يەنە يولغا راۋان بوپتۇ. كەچ كىرىپتۇ. كېتىپ بارسا، بىر تەرەپتە ئوت كۆرۈنۈپتۇ. ئۇ يولىنى ئۆزگەرتىپ، ئوت كۆرۈنگەن ياققا قاراپ مېڭىپتۇ. ئوت بار يەرگە بارسا، ئىككى زەڭگى ئولتۇرغۇدەك، شاھزادە ئۇلارغا سالام قىپتۇ.

— ئەي يىگىت، يالغۇز كەلدىڭمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ زەڭگىلەر.

— ھەئە، يالغۇزمەن، — دەپتۇ روشەن راي.

بۇ سۆزنى ئاڭلاپ، ئىككى زەڭگى روشەن راينى تالىشىپ ئۇرۇشۇپ قاپتۇ. ئۇلار ئۇرۇشا ـ ئۇرۇشا ئاخىر ئىككىلىسى ھالاك بوپتۇ. روشەن راي بۇ زەڭگىلەردىن قۇتۇلغىنىغا خۇرسەن بولۇپ، خۇداغا شۈكۈر قىلىپ، ئۇ يەردىن دەرھال قېچىپتۇ. لې-





كىن، ئۇنىڭغا ئىككى چىشى دى-ۋە ئۇچراپتۇ. دىۋىلەرنىڭ سەت ھەم ھەيۋەتلىك قىياپىتىنى كۆرگەن شاھزادە قورقۇپ ھو-شىدىن كېتىپتۇ. دىۋىلەرمۇ ئۇ-نى تالىشىپتۇ.

— بۇ مېنىڭ ئېرىم، — دەپتۇ بىرىنچىسى.

— ياق، بۇ مېنىڭ ئېرىم، — دەپتۇ ئىككىنچىسى.

دىۋىلەر پۈتۈشەلمەي ئۇرۇ-

شۇپ قاپتۇ. ئۇرۇشا ـ ئۇرۇشا ھالسىزلىنىپ، ئىككىلىسى ئۇ-لۇپتۇ.

شاھزادە ھوشىغا كېلىپ دىۋىلەرنىڭ ئۆلۈكىنى كۆرۈپ خۇشال بولۇپ ماڭاي دەپ تۇرۇشىغا، ئىككى شىر پەيدا بولۇپ شاھزادىگە خىرىس قىپتۇ. شاھزادە ئۆزىنى چەتكە ئاپتۇ. شىرلار ھېلىقى ئۆلۈكلەرنى يېگىلى تۇرۇپتۇ. شاھزادە ۋاقىت-نى غەنىيمەت بىلىپ يولغا راۋان بوپتۇ.

ئەلقىسسە: شاھزادە يۇرە ـ يۇرە تاپانلىرى قاپىرىپ كې-تىپتۇ. ئاخىر بىر ئورمانغا يېتىپتۇ. ئۇ يەردە غاردەك ئاغزى-دىن ئوت پۇركۈپ بىر ئەجدىھا تۇرغۇدەك. ئەجدىھانىڭ ئاغزى-دىن چىققان ئوت پارچىسى ئورماننى پۇتۇنلەي كۆيدۇرۇۋېتىپ-تۇ، ئاخىر ئەجدىھا ئۆزىمۇ ئوتتا كۆيۈپ ھالاك بوپتۇ. شاھزا-دە بۇ ئاپەتتىن قۇتۇلغىنىغا شۇكۇر ئېيتىپ، ھارغىنىغا قارى-ماي كېچە ـ كۈندۈز سەرگەردان بولۇپ يۇرۇپتۇ.

بىر كۈنى كېچىدە شاھزادىگە خورازنىڭ چىللىغىنى ئاڭ-لىنىپتۇ، خۇشال بولغىنىدىن ئورنىدىن تۇرۇپ خورازنىڭ ئاۋازى چىققان تەرەپكە مېڭىپتۇ. تاڭ ئېتىپتۇ. شاھزادىگە بىر شەھەر كۆرۈنۈپتۇ. شەھەرنىڭ سېپىللىرى ۋە دەرۋازىلىرى كۈمۈشتىن ئىكەن. شاھزادە نەزم ئوقۇپ شەھەرگە قەدەم قو-يۇپتۇ.

شاھزادە شەھەرگە كىرىپلا بىر قىزنى ئۇچرىتىپتۇ ۋە قىزنىڭ قېشىغا كېلىپ سالام بېرىپتۇ. قىز:

— ھەرقانداق مۇساپىر بۇ يەرگە كەلسە، غەمدىن قۇتۇلىدۇ، — دەپتۇ ۋە يىگىتنى باشلاپ مەلىكىنىڭ قېشىغا ئېلىپ مېڭىپتۇ.

— ھەرقانداق مۇساپىر بۇ شەھەرگە كەلسە، — دەپتۇ ئۇ قىز كېتىۋېتىپ، — مەن ئۇنى مەلىكىگە تونۇشتۇرۇپ قويىمەن.

قىز شاھزادىنى بىر سارايغا باشلاپ كىرىپتۇ، خۇش پۇراق

سۇدا يۇيۇندۇرۇپ، ئۇستىگە شاھانە كىيىم، بېشىغا تاج كىيدۈرۈپتۇ، ئاندىن بىر باغقا باشلاپ كىرىپتۇ. بۇ شۇنداق باغ ئىكەنكى، ھەر تەرەپتە ھەر خىل مېۋىلەر پىشىپ، تۈرلۈك خۇش پۇراق گۈللەر ئېچىلىپ تۇرىدىكەن. ئاستى ئالتۇندىن، گىياھلىرى زەپىراندىن بولۇپ، سۇلىرى سۈتتىن ئاق، ھەسەلدىن تاتلىق ئىكەن، تاشلىرى ئۈنچە ـ مارجاندىن ئىكەن.

باغنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر راۋاق بار ئىكەن. قىز يىگىتنى شۇ ياققا باشلاپتۇ. راۋاقتا مەلىكە ئولتۇرغانىكەن. روشەن راي مەلىكىگە سالام قىپتۇ. مەلىكە ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ شاھزادىنىڭ ئالدىغا كەپتۇ، ئىززەت ـ ئىكرام بىلەن شاھزادىنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپتۇ. ئاندىن خىزمەتكارلىرى ھەر خىل لەزىز تائاملارنى كەلتۈرۈپتۇ. تاماقتىن كېيىن، مەلىكە سوراپتۇ:

— ئەي يىگىت، قەيەردىن كەلدىڭىز؟ كىمنىڭ نەسلى بولىسىز؟

— شام پادىشاھىنىڭ ئوغلى ئىدىم، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ روشەن راي ۋە بېشىدىن ئۆتكەن ۋەقەلەرنى قويماي سۆزلەپ بېرىپتۇ.

مەلىكە مەجلىس ھازىرلىقىنى قىپتۇ. مەجلىسكە كەلگەنلەرنىڭ ھەممىسى ياش قىزلار ئىكەن، بىرمۇ مويسىپىت يوق ئىكەن.

مەركىدە نازۇنېمەتلەر دېگەندىن ئارتۇقچە بوپتۇ، شارابلارغا تولدۇرۇلغان پىيالىلەر ئايلىنىپ تۇرۇپتۇ. شاھزادە مەي كەيپىدىن ئۆزىنى تۇتالماي، قىزلار تەرەپكە مايىل بولۇپ قاپتۇ.

ئەلقىسسە: مەلىكە شاھزادىنىڭ كۆڭلىنى پەملەپتۇ.

— ئەي يىگىت، — دەپتۇ ئۇ روشەن رايغا قاراپ، — قايسى قىزنى خالىساڭ، شۇنىڭ بىلەن قانغۇچە كۆڭۈل ئاچقىن.

مەلىكە بىر قىزغا ئىشارەت قىپتۇ. ئۇ قىز كېلىپ شاھزادىنى ئۆز ھۇجرىسىغا باشلاپ كىرىپتۇ. شاھزادە ئۇ يەردە تاڭ ئاتقۇچە كۆڭۈل ئېچىپتۇ. شۇنداق قىلىپ، ئارىدىن بىلىنمەيلا ئۈچ يىل ئۆتۈپتۇ.

بىر كۈنى مەي ئىچىشىپ ئولتۇرۇپ شاھزادىنىڭ كۆڭلى مەلىكىنى تارتىپ قاپتۇ، ئۇ شۇ ئارزۇدا مەلىكىنىڭ يېنىغا بېرىپتۇ. مەلىكە بۇنى سېزىپ:

— ئەي يىگىت، نېمە ئۈچۈن ئالدىراڭغۇلۇق قىلىسەن؟ سەۋر قىل، سەۋر — خۇشاللىقنىڭ ئاچقۇچى. ئاخىرقى ھېسابتا مەنمۇ سېنىڭ خىزمىتىڭدە بولۇرمەن، — دەپتۇ. لېكىن، شاھزادە مەلىكىنىڭ نەسىھىتىگە قۇلاق سالماي بىتاقەت بولۇپ، تىلىكىدە چىڭ تۇرۇۋاپتۇ.

— ئۇنداق بولسا، — دەپتۇ مەلىكە شەرت قويۇپ، — كۆلگە چۈشۈپ پاكىز يۇيۇنغىن.

شاھزادە كىيىملىرىنى سېلىپ كۆلگە چۈشۈپتۇ - دە، چۆمۈلۈپتۇ، كېيىن سۇدىن بېشىنى چىقىرىپ كۆزىنى ئاچسا، ئۆزى يالغۇز تۇرغۇدەك. ئۇ ھوشىدىن كېتىپتۇ.

ئەلقىسسە: ئەمدى ئىككى كەلىمە سۆزنى مۇدەببەردىن ئاڭلاڭ:

شاھزادە كۆلچەكتىن چىقىپ بولغۇچە، مۇدەببەر ئالدىراپ يولغا چىقىپتۇ - دە، دەريا بويىغا بېرىپ ئۆزىنى دەرياغا ئېتىپتۇ، كېمىدە ئۆلگەنلەرنىڭ مال - مۈلكىنى يىغىۋېلىشقا كىرىشكەنىكەن. دەريا سەيلىسىگە چىققان يەمەن پادىشاھى ئۇنى كۆرۈپ سوراپتۇ:

— نېمە ئادەم سەن؟

— مەن شام پادىشاھىنىڭ ئوغلى ئىدىم، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ مۇدەببەر، — دەريا سەيلىسىگە چىققانىدىم، لەشكەرلە-

رىم دەرياغا غەرق بولدى، ئۆزۈم بىر قۇلۇم بىلەن قالدىم. ئۇ قۇلۇم ئارقامدىن كېلىدۇ....

ئۇ شۇنداق دېيىشىگىلا، قورسىقى يېرىلىپ ئۆلۈپتۇ. يەمەن پادىشاھى بۇ ئىشقا ھەيران بوپتۇ.

روشەن راي ھوشىغا كېلىپ ئالدىراپ دەرياغا چۈشكەنىكەن، دەريا سەيلىسىگە چىققان يەمەن پادىشاھى بىلەن ئۇچرىشىپ قاپتۇ. قارىسا، مۇدەببىر ئۇ يەردە ئۆلۈك ياتقۇدەك.

يەمەن پادىشاھى روشەن راينىڭ ئەھۋالىنى سوراپتۇ. شاھزادە بولغان ۋەقەلەرنى باشتىن ـ ئاياغ سۆزلەپ بېرىپتۇ.

— تاغ بېشىدا كۆلچەك بار ئىكەن، — دەپتۇ ئۇ، — ئۇنىڭ لېۋىدە بىر تاش بار ئىكەن، ئۇ تاشقا بۇ كۆلچەككە چۆمۈلۈپ چىقىپ يالغان گەپ قىلغۇچىنىڭ قورسىقى يېرىلىپ ئۆلىدىغانلىقى، راستچىل ئادەمنىڭ بۇ كۆلچەككە چۈشسە، مۇرادىغا يېتىدىغانلىقى ھەققىدە خەت يېزىلغانىكەن. مۇدەببىر بۇ كۆلچەككە چۆمۈلۈپ چىقىپ يالغان سۆزلىمەسلىككە ئەھدە قىلغان، ئۇ يالغان سۆزلىگەن بولۇشى مۇمكىن، شۇڭا ئۆلۈپتۇ.

— ئەي شاھزادە، — دەپتۇ يەمەن پادىشاھى، — بىزنىڭ ئوردىغا بېرىڭ، بىر قىزىم بار، سىزگە نىكاھلاپ قوياي.

شاھزادە پادىشاھ بىلەن بىللە ئوردىغا بېرىپتۇ. پادىشاھ چوڭ توي قىلىپ قىزىنى شاھزادىگە بېرىپتۇ. شاھزادە خانىسىغا كىرىپ قارىسا، بۇ قىز ھېلىقى مەلىكىنىڭ ئۆزى ئىكەن. ئۇلار تونۇشۇپتۇ ۋە دىل ئارزۇلىرىنى قاندۇرۇپتۇ. كېچە ـ كۈندۈز ئاشىق ـ مەشۇقلاردەك ھايات كەچۈرۈپتۇ.

بىر كۈنى روشەن راي ئاتا ـ ئانىسىنى سېغىنىپ، پادىشاھتىن رۇخسەت سوراپتۇ. پادىشاھ كۆيئوغلىنىڭ ئىلتىماسىغا قوشۇلۇپتۇ، قىزىنى ۋە يەنە بىرقانچە كىشىنى قوشۇپ ئۇزىتىپتۇ.

روشەن راي قېيناتىسى بىلەن خوشلىشىپ يولغا راۋان بوپ-

تۇ. بىرنەچچە كۈندە شامغا يېتىپ بېرىپ، ئاتا ـ ئانىسى بىلەن
جەم بوپتۇ.

مەجلەس ئارا ھېكايىسىنى شۇ يەرگە يەتكۈزۈپتۇ. شاھ
بەھرام بىلەن مەلىكە خۇرشىد راھەت ـ پاراغەت تەكيىسىگە
باش قويۇپ ئۇيقۇغا ئەسىر بوپتۇ.

كۈن ئالەمنى ئۆز نۇرى بىلەن مۇنەۋۋەر قىپتۇ. بەھرام
قىزىل كىيىم كىيىپ مەنزەرۇ لاجۋەرگە قەدەم قويۇپتۇ. ئال-
تىنچى ئىقلىم پادىشاھىنىڭ قىزى گۈلجەتىن بەھرامنىڭ ئال-
دىغا چىقىپ، ئۇنى ئىززەت ـ ئىكراملار بىلەن قارشى ئاپتۇ.

بەھرام مەلىكىنىڭ ھەمراھلىقىدا سارايغا كىرىپ، ئالتۇن
تەختتە ئولتۇرۇپ، ياقۇت پىيالىدە مەيخورلۇقتا تۇتۇش قىپتۇ.
مەستخۇش بولۇپ، ئالتىنچى ئىقلىمدىن كەلگەن بىر مۇسا-
پىرنى چاقىرتىپ ھېكايە ئېيتىشقا تەكلىپ قىپتۇ.

— ئەي پادىشاھىئالەم، — دەپ ھېكايىسىنى باشلاپتۇ
مۇساپىر، — ئۆتكەن زاماندا جۇنە دېگەن بىر پادىشاھ بولغا-
نىكەن، خەزىنىسى بىھېساب بولۇپ، ئادالەت بىلەن ئىش كۆ-
رۈش، خەير ـ ئېھسان ئۇنىڭ ئادەتتىكى ئىشلىرى ئىكەن،
ھەر كىشى زەررە چاغلىق تۆھپە ئېلىپ كەلسە، كۆپ نەرسى-
لەرنى ئىنئام قىلىدىكەن. ھەرقانداق ھاجەتمەن ئۇنىڭ دەرگا-
ھىدىن نائۇمىد قايتمايدىكەن.

بىر كۈنى بىر ھاجەتمەن پادىشاھقا بىر سېۋەت ئامۇت ئې-
لىپ كەپتۇ.

— بىردەم توختاپ تۇرسۇن، — دەپتۇ پادىشاھ، — مەن
ھېلى ئۇنىڭغا كۆپ ئېھسانلار قىلغايمەن.

پادىشاھ شۇنداق دەپتۇيۇ، لېكىن ھاجەتمەننى ئېسىدىن چى-
قىرىپ قويۇپتۇ. بۇ ئىش ئۈچ كۈندىن كېيىن ئېسىگە كەپتۇ ـ
دە، ئۇ كىشىنى چاقىرىشنى، تەلەپ قىلغىنىنى بېرىدىغانلىقىنى

ئېيتىپتۇ. خىزمەتچىلەر ئۇ كىشىنى پادىشاھنىڭ ئالدىغا باشلاپ كىرىپتۇ.

— ئەي ھاجەتمەن، نېمە تىلەيسەن؟ — دەپ سوراپتۇ پادىشاھ.

— بىر ھەرە بىلەن بىر كەكە تىلەيمەن، — دەپتۇ ھاجەتمەن. پادىشاھ بۇنىڭ سەۋەبىنى سوراپتۇ.

— قەيەردە ئامۇت دەرىخى بولسا، كەكە بىلەن شاخلىرىنى كەسكەيمەن، — دەپتۇ ھاجەتمەن، — ھەرىدەپ تېنىنى نابۇت قىلغايمەن.

پادىشاھ ھاجەتمەننىڭ غەرىزىنى چۈشىنىپتۇ ۋە خەزىنىچىگە بۇيرۇپتۇ:

— بۇ كىشىنى خەزىنىگە باشلاپ كىرگىن، ئالتۇن - جاۋاھىراتلاردىن كۆتۈرەلىشىچە ئالسۇن.

خەزىنىچى ھاجەتمەننى خەزىنىگە باشلاپ كىرىپتۇ. ئۇ نەرسە - كېرەكلەردىن خالىغىنىچە ئاپتۇ ۋە يەنە پادىشاھنىڭ ئالدىغا كىرىپتۇ. پادىشاھ كۆرۈپ:

— ئاز ئاپتۇ، يەنە ئالسۇن، — دەپتۇ. خەزىنىچى يەنە خەزىنىگە باشلاپ كىرىپتۇ، ھاجەتمەن كۆڭلى خالىغانچە ئاپتۇ.

يەنە بىر كۈنى پادىشاھ سوقا سۆھبەتتە ئولتۇرسا، بىر مۇساپىر بىر ئەينەكنى ھەدىيە قىلىپ كىرىپتۇ. بۇ ئەينەكنىڭ مۇنداق خاسىيىتى بار ئىكەن: ھەركىمنىڭ يۈزىگە تۇتسا، ئەگەر راست سۆزلىسە، يۈزى ئاق كۆرۈنىدىكەن، يالغان سۆزلىسە، يۈزى قارا كۆرۈنىدىكەن.

پادىشاھ خىزمەتچىلىرىنى چاقىرتىپ ئەينەكنى سىناپ كۆرگەنىكەن، ئەينەكنىڭ خاسىيىتى تولۇق نامايان بوپتۇ. پادىشاھ مۇساپىرغا كۆپ ئىنئام - ئېھسانلارنى بېرىپتۇ ۋە سوراپتۇ:

— ئەي مۇساپىر، سەن ھەممە شەھەرنى ئارىلاپ تاماشا قىپسەن. ئەلۋەتتە، ياخشى - ياماننى سىناپ كۆرگەنسەن. جاھان

يۈزىدە مەندەك سىخىي پادىشاھنى كۆردۈڭمۇ ۋە ياكى ئاڭلىدىڭمۇ؟

بۇ سوئالنى ئاڭلىغان مۇساپىر ناھايىتى غەمكىن ۋە مالال بوپتۇ. «كۆردۈم» دېسە، پادىشاھنىڭ كۆڭلىگە ياقمايدۇ، «كۆرمىدىم» دېسە، يالغانچى بولىدۇ. مۇساپىر ئۇزاق ئويلاپتۇ، ئاندىن كېيىن:

— سىزدەك ساخاۋەتلىك پادىشاھنى كۆرگىنىم يوق، — دەپتۇ.

پادىشاھ ھېلىقى ئەينەكنى مۇساپىرنىڭ يۈزىگە تۇتقاندا كەن، يۈزى قارا كۆرۈنۈپتۇ. مۇساپىر خىجىل بولغىنىدىن يەرگە قارىۋاپتۇ.


— ئەي مۇساپىر، — دەپ سوراپتۇ پادىشاھ، — بۇ خىجىللىق ساڭا قەيەردىن كەلدى؟ راستىنى ئېيتقىن.

— ئەي پادىشاھ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ مۇساپىر، — سىزدىنمۇ ساخاۋەتلىك كىشىنى كۆرگەنىدىم.

پادىشاھ ئەينەكنى مۇساپىرنىڭ يۈزىگە تۇتۇپتۇ، يۈزى ئاق كۆرۈنۈپتۇ.

— سەن كۆرگەن قانداق ساخاۋەتلىك كىشى ئىكەن؟ بايان قىل، — دەپتۇ پادىشاھ.

— ئەي پادىشاھئالەم، بىر شەھەر بار، بۇ شەھەردە موھ-



www.uyghurkitap.com

تاجلىق يوق. ئاشۇ شەھەردە مەسئۇد دېگەن بىر ياش يىگىت بار. ئۇنىڭ ھۆسنى كامالىغا يەتكەن، مال ـ مۈلكى ھەددىدىن زىيادە، ئەقىل ـ پاراسەتتە يېگانە. ئۇ ناھايىتى سېخىي بولۇپ، دائىم مەجلىسلەر قىلىپ، سۆھبەت قۇرىدىكەن. ئۇ سۆھبەت قىلغاندا خالايىق بېشىدىن گۈل چاچىدىكەن، ھەركىم ئۇنىڭ ئەقلىگە ھەيران قالىدىكەن.

پادىشاھ جۇنە ئۇ ياشنى زىيارەت قىلىپ، ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ، مېھمان بولۇپ كەلمەكچى بوپتۇ ۋە ھەممە خىزمەتچىلىرىنى ئازاد قىپتۇ.

پادىشاھنىڭ بىر ئېتى بولۇپ، ئۇنىڭ سۈرئىتىگە ئۇچار قۇشلارمۇ يېتەلمەيدىكەن. پادىشاھ ئېتىغا مىنىپ ھەپتىلىك يولنى بىر كۈندە بېسىپ، ھېلىقى شەھەرگە يېتىپ كەپتۇ. قارىسا، باغدا مېۋىلەر مەي باغلاپ پىشقان، رەڭمۇرەڭ گۈللەر ئېچىلغان، تەرەپ ـ تەرەپتىن خۇش پۇراقلار تارقىلىپ تۇرغان. باغنىڭ گۈزەللىكى ھېلىقى مۇساپىر تەرىپلىگەندىن نەچچە ھەسسە زىيادە ئىكەن.

پادىشاھ جۇنە مەسئۇدنىڭ ئۆيىنى ئىزدەپ تېپىپتۇ ۋە ئېتىدىن چۈشۈپ، ئوردىدەك ھەيۋەتلىك قەسىرنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدا تۇرغان خىزمەتكارلارغا سالام بېرىپتۇ. خىزمەتچىلەر پادىشاھنى بىر مۇساپىر بولسا كېرەك، دەپ ئويلاپ، مېھمانخانىغا باشلاپ كىرىپتۇ.

مەسئۇدنىڭ قەسرىنىڭ يېنىدا بىر ھامام بولۇپ، ئۇ يەرگە چىن مەملىكىتىنىڭ تاۋارلىرى بىلەن رۇم ئەتلەسلىرى ۋە پەرەڭ مەخمەللىرىدە ياسالغان تۆشەكلەر قەۋەت ـ قەۋەت سېلىنغانىكەن. پادىشاھ تەكلىپ بىلەن ھاماماغا كىرىپ يۇيۇنۇپتۇ. پادىشاھ كۆرۈپتۇكى، ھامامدا تاش ئورنىغا ئالتۇن ئىشلىتىلگەنىكەن، ھالقىلىرى كۈمۈشتىن، لۆڭگىلىرى مۇشكى ـ ئەنبەردىن،

يىپلىرى تىللادىن ئىكەن، پەرىزاتقا ئوخشاش نازىنىنلار خىزمەت قىلىدىكەن.

پادىشاھ يۈيۈنۈپ بولغاندىن كېيىن، تەكلىپ بىلەن مەسئۇد-نىڭ سارىيىغا چىقىپتۇ. نازىنىن قىزلار ئالتۇن پىيالىلەرگە گۈل رەڭ شارابنى تولدۇرۇپ قۇيۇپ، خۇش تەبەسسۇم بىلەن سۇ-نۇپ تۇرۇپتۇ. مەجلىس ئەھلىنىڭ ھەممىسى ئوخشاشلا قىزىل كىيىم كىيىشكەنىكەن.

قايتا ـ قايتا سۇنۇلغان شاراب مەجلىس ئەھلىنى مەست-خۇش قىپتۇ. مەي كەيپى بىلەن جانلانغان پادىشاھ ئىختىيار-سىز ئېغىز ئېچىپتۇ:

— ئەي مەسئۇد، مەن جاھان شەھەرلىرىنى سەيلە قىل-دىم، سەندەك ئاقىل، مەرد، سېخىي كىشىنى كۆرمىدىم. بۇنداق دۆلەت ساڭا قەيەردىن كەلدى؟

— بۇ دۆلەت پەرۋەردىگارنىڭ ئاتاسىدۇر، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ مەسئۇد، — بىزنىڭ ناھايىتى ئادىل، خەلقپەرۋەر بىر پادىشاھىمىز بار. ئۇنىڭ ئادالەت ۋە مېھىر ـ شەپقىتى ھەممەيلەننى خاتىرجەم، بەختلىك قىلدى. قەيەردە ئادالەت نۇرى پارلىسا، كىشىلەر باي، بىھاجەت، بەختىيار بولىدىكەن.

مەسئۇدنىڭ بۇ سۆزىدىن پادىشاھ ناھايىتى خۇشال بوپتۇ.

مەسئۇدنىڭ بىرنەچچە سودىگىرى بار ئىدى. ئۇلاردىن بىرى ئېلىپ بارغان مال ـ مۈلكىنى سېتىپ، بىرگە ئون پايدا كۆرگەنىدى. مەسئۇد شۇ پايدىنىڭ ھەممىسىنى پادىشاھقا بېرىپتۇ.

كۆز كۆنلىرىنىڭ بىرىدە يەنە بەزمە قىلىنىپتۇ. پادىشاھنىڭ ئۈستىدىن ئاق قاچىلاردا ئالتۇن چېچىلىپتۇ. خۇشاللىقىدىن بارلىق مەجلىس ئەھلى گۈلدەك ئېچىلىپتۇ.

مەسئۇد بىر ياقىقا قاراپ ئىشارەت قىلغانىكەن، بىر گۈل-ئۇزار نازىنىن قولىدا ئالتۇن جام تۇتقان ھالدا چىقىپ تەزىم

قىلىپ، قولىدىكى شارابنى پادىشاھقا سۇنۇپتۇ. ئۇ جامنى ئېلىپ شارابنى ئىچىپتۇ.

— ئەي مېھمان، — دەپتۇ مەسئۇد، — بۇ جامنى مەجلىس ئەھلىنىڭ ئوڭ تەرىپىگە تۇتۇپ ھەرقانچە ئىچكەن بىلەن جامىدى-كى مەي تۈگىمەيدۇ، مەجلىس ئەھلىنىڭ سول تەرىپىگە تۇتۇپ ئىككىلا كىشى ئىچسە، تۈگەپ قالىدۇ. بۇنى ھۆكۈمالار ئىلمى ھېكمەت بىلەن ياسىغان.

— ئۇنداق بولسا، مەن بىر سىناپ كۆرەي، — دەپتۇ پا-دىشاھ. ئۇ لىقمۇ لىق شاراب تولدۇرۇلغان جامنى قولىغا ئاپ-تۇ. ئەھۋال خۇددى مەسئۇدنىڭ دېگىنىدەك بوپتۇ.

پادىشاھ خېلى ئۇزۇن كۈنلەر مېھمان بوپتۇ. ئاخىر بىر كۈنى:

— ئەي مەسئۇد، — دەپتۇ پادىشاھ، — مېھماندارچىلىق ھەرقانچە بولسا، شۇنچىلىك بولار. مەن سېنى ئۆمۈرۋايەت ئۇنتۇمايمەن. ئەمدى ماڭا رۇخسەت بەرسەڭ.

مەسئۇد يەنە بىرقانچە مەزگىل مېھمان بولۇشقا تەكلىپ قىلىپ تۇرۇۋاپتۇ، لېكىن پادىشاھ قايتا - قايتا رەھمەت ئېيت-تىپ، قايتىشقا ئىجازەت ئېلىپ يولغا راۋان بوپتۇ. مەسئۇد پادىشاھقا ھەدىيە قىلىنغان نەرسىلەرنى ئات - تۆگىلەرگە يۈكلەپ ئارقىسىدىن يولغا سالپتۇ.

ئەلقىسسە: مەسئۇد ياشايدىغان شەھەرنىڭ بىر پادىشاھى بار بولۇپ، ئۇ زالىملىقتا مەشھۇر ئىكەن. پادىشاھ جۇنە مەسئۇدنىڭ-كىدە مېھمان بولۇش جەريانىدا بۇ پادىشاھنىڭ زالىملىقىنى كۆرگەن ھەم دادخاھلارنىڭ شىكايەتلىرىنى كۆپ ئاڭلىغانىكەن. پادىشاھ جۇنە بۇ پادىشاھلىقنىڭ ئۈستىدىكى پادىشاھ ئىكەن. ئۇ ئۆز دىيارىغا يېنىپ كېلىپلا ھېلىقى شەھەرگە مەسئۇدنى پادى-شاھ قىلىپ بەلگىلەپ، ھېلىقى زالىم پادىشاھنى پادىشاھلىقتىن

قالدۇرۇپتۇ.

زالىم پادىشاھ بەختىنىڭ قولدىن كەتكەنلىكىنى ئويلاپ، بىر سىرداش ۋەزىرىنى يېنىغا چاقىرىپ، ئۇنىڭ بىلەن خىلۋەتتە مەسلىھەت قىلىشىپتۇ.

— ئەي پادىشاھىئالەم، — دەپتۇ ۋەزىر يول كۆرسىتىپ، — بۇنىڭغا مەسئۇد سەۋەب بولدى. بىر ھىيلە بىلەن مەسئۇدنى يوقاتقايمىز، بۇ شەھەر بالدۇرقىدەكلا سىزنىڭ ئالىقىنىڭىزدا بولغاي.

— مەسئۇدنى قانداق يوقىتىمىز؟ — دەپ سوراپتۇ پادىشاھ.

— بۇنىڭ چارىسى ئۇنچىۋالا قىيىن ئەمەس، — دەپتۇ ۋەزىر ئىشەنچلىك سۆزلەپ، — سىز مەسئۇدنى ئۆز ئۆيىڭىزگە تەكلىپ قىلىپ چاقىرتىسىز. دوستلۇق مۇناسىۋىتىدە بولۇپ، مېھمان قىلىپ بەزمە ئۇيۇشتۇرۇپ بېرىسىز، قالغان ئىشنى ئۆزۈم پۈتكۈزىمەن.

ۋەزىرنىڭ مەسلىھەتى بىلەن زالىم پادىشاھ مەسئۇدنى مېھمانغا تەكلىپ قىپتۇ، ئىنتايىن ئالىي بەزمە ئۇيۇشتۇرۇپ بېرىپتۇ، كېچىسى مەي ئىچىپ ئولتۇرۇشۇپتۇ. مەسئۇدنىڭ خىزمەتكارلىرى مەي ئىچىۋېرىپ ئۇخلاپ قاپتۇ، مەسئۇدمۇ مەست بولۇپ يىقىلىپتۇ. ۋەزىر مەسئۇدنىڭ پۇت - قوللىرىنى باغلاپ، كۆتۈرۈپ ئاپىرىپ بىر قۇدۇققا تاشلاپتۇ.

ئەتىسى مەسئۇدنىڭ ئۇرۇق - تۇغقان، يېقىنلىرى ئۇنى ئىزدەپ تاپالماي، ياقىلىرىنى يىرتىپ زار - زار يىغلاپتۇ. زالىم پادىشاھ ھېچ نەرسىنى بىلمىگەن بولۇۋاپتۇ، بەلكى ھەممىدىن بەكرەك غەمكىن قىياپەتكە كىرىۋاپتۇ، مەسئۇدنى بىر ئىلاج قىلىپ تېزرەك تېپىشقا ئالدىرىغاندەك قىپتۇ، ئاخىر مەسئۇدنىڭ ئۇرۇق - تۇغقان، دوستلىرى ۋە خىزمەتچىلىرىنى تەسەللى بېرىپ قايتۇرۇپتۇ.

www.uyghurkitap.com

ئەلقىسسە: يەنە بىر كېچىسى مەسئۇد قۇشىغا كەپتۇ ۋە كۆ-زىگە ھەممە ئالەم قاپقاراڭغۇ كۆرۈنۈپتۇ. ئۇ ھەسرەت چېكىپتۇ، جېنىدىن ئۈمىد ئۈزۈپتۇ.

ئەلقىسسە: ئەمدى ئىككى كەلىمە سۆزنى ۋەزىرنىڭ قىزىدىن ئاڭلايلى:

ۋەزىرنىڭ بىر قىزى بار ئىكەن. ھۆسن ـ جامالدا مەملىكەت بويىچە ساھىبجامال بولۇپ، مەسئۇدقا غايىبانە كۆيۈپ يۈرگەن-كەن، لېكىن بۇ سىرنى ھېچ كىشىگە ئېيتالمىغانىكەن.

مەسئۇد تاشلانغان قۇدۇق ۋەزىرنىڭ بېغىدا بولۇپ، ئۇ ئاشىق قىز بىر گۇناھكارنىڭ قۇدۇققا تاشلانغانلىقىنى ئاڭلى-غان بولسىمۇ، ئۇنىڭ كىملىكىنى ئېنىق بىلمەيدىكەن. ۋەزىر-نىڭ قىزى دادىسىنىڭ پادىشاھ ئالدىغا كەتكەن ۋاقتىنى غە-نىيمەت بىلىپ، گۇناھكارنى قويۇۋېتىش ئۈچۈن كەپتۇ. قارد-سا، قاراۋۇل مەستلىكتە ئۇخلاپ قالغانىكەن. قىز قۇدۇقنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ گۇناھكارنى تارتىۋاپتۇ.

— سەن كىم بولىسەن؟ — دەپ سوراپتۇ قىز.

— مەسئۇدمەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ يىگىت.

بۇ گۇناھكارنىڭ مەسئۇد بولۇشىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈر-مىگەن قىز ناھايىتى ھاياجانلىنىپتۇ، ئىشق ئوتى لاۋۇلداپ، بىھوش بولۇپ يىقىلغىلى تاس قاپتۇ. ئۇ دادىسىنىڭ ناھايىتى رەھىمسىز، زالىملىقىنى بىلىدىكەن، شۇڭا دەرھال ئەقلىنى ئىش-قا سېلىپ ئۆزىنى تۇتۇۋاپتۇ. ئىككى يېقىن كېنىزىكىنى چاقى-رىپ، مەسئۇدنى كۆتۈرۈپ خاس ئۆيىگە ئېلىپ كەپتۇ.

ۋەزىر پادىشاھ بىلەن قىلغان مەسلىھەتكە ئاساسەن، مەس-ئۇدنى ئۆلتۈرمەك بولۇپ قۇدۇق بېشىغا كەپتۇ، قارىسا، مەس-ئۇد يوق، قاراۋۇللار ئۇخلاۋاتقۇدەك. ئۇ بۇ خەۋەرنى دەرھاللا پادىشاھقا يەتكۈزۈپتۇ. پادىشاھ بىلەن ۋەزىر مەسئۇدنى بىرنەچچە

كۆن ئىزدىگەن بولسىمۇ، ھېچ يەردىن دېرىكىنى ئالالماپتۇ.

ئەلقىسسە: ۋەزىرنىڭ ئاشىق قىزى مەسئۇدنى بىرنەچچە كۆن ئوبدان داۋالاپتۇ. مەسئۇد سەللىمازا بولغاندىن كېيىن، ئىككىسى ئىككى ئاتقا مىنىپ كېچىسى قېچىپ كېتىپتۇ. ئەتىسى پادىشاھنىڭ ئادەملىرى ئاڭلاپ، ئۇلارنىڭ كەينىدىن تاكى دەريا بويىغا قەدەر قوغلاپ بېرىپتۇ، لېكىن قارىسىنىمۇ كۆرەلمەپتۇ.

ئۇلار ئاتلىرىنى ئۇچقاندەك چاپتۇرۇپ دەريادىن ئۆتۈپ، يەنە ئون كېچە - كۈندۈز يول مېڭىپ پادىشاھ جۇنەنىڭ ئوردىسى ئورۇنلاشقان مەشھۇر چوڭ شەھەرگە يېتىپ كەپتۇ. مەسئۇد پادىشاھنىڭ چاربېغىغا كىرىپ، خىزمەتچىلەر قاتارىدا ئىشلەشكە باشلاپتۇ.

ئەلقىسسە: مەسئۇدنىڭ ئىزسىز يوقالغانلىق خەۋىرى پادىشاھ جۇنەگە يېتىپ كەپتۇ. ئۇ كۆپ ھەسرەت چېكىپ يىغلاپتۇ.

مەسئۇدنىڭ ئۆز ئەھۋالىنى پادىشاھقا دېگۈسى كەپتۇ، لېكىن خىجىل بولۇپ دېيەلمەي، قولىنى چىشلەپتۇ. ئەگەر ئۆزۈم بېرىپ ھال ئېيتسام، ئۆتكەندە قىلغان مېھماندارچىلىقىم ھېسابىغا بىرنەرسە تەمە قىلغان بولىمەن، دەپ ئويلاپتۇ. مەسئۇدنىڭ جۇنەگە ئىنئام قىلغان بىرنەچچە خىزمەتچىسى چارباغ دەرۋازىلىرىدا تۇرىدىكەن. ئۇلار مەسئۇدنى كۆرۈپ قاپتۇ ۋە مەسئۇدنىڭ ئايىغىغا ئۆزىنى تاشلاپ يىغلاپتۇ. تاشقىرىغا سالقىنداشقا چىققان پادىشاھ بۇلارنىڭ ئاھۇ نالىسىنى ئاڭلاپ قاپتۇ. ئۇ كېلىپ مەسئۇدنى كۆرۈپ ئالەم قاراڭغۇلاشقاندەك بولۇپ، ھوشىدىن كەتكىلى تاس قاپتۇ. پادىشاھ مەسئۇدقا ئۆزىنى تاشلاپتۇ. ھەر ئىككىيلەننىڭ ياشلىرى سەلدەك ئېقىپتۇ.

پادىشاھ مەسئۇدنى ھاممامغا ئەۋەتىپ يۇيۇندۇرۇپ، شاھانە كىيىملەرنى كىيدۈرۈپتۇ، ۋەزىرنىڭ قىزىنىمۇ ئەكەلدۈرۈپ،

www.uyghurkitap.com

ھىلھىلە كىيىملەرنى كىيدۈرۈپتۇ، زىياپەتلەر بېرىپتۇ. ئۇلار بەزمە تۈزۈپ سۆزلىشىپ ئولتۇرۇپتۇ. پادىشاھ مەسئۇدنىڭ سەرگۈزەشتىنى سوراپتۇ. مەسئۇد بولغان ۋەقەنى باشتىن ئاياغ سۆزلەپ بېرىپتۇ. پادىشاھ قايتا نامە تارقىتىپ مەسئۇدنى پادىشاھ قىلىپ، ھېلىقى زالىم پادىشاھ ۋە ۋەزىرنى ئەكەلدۈرۈپ ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىپتۇ...

ئەلقىسسە: ئالتىنچى ئىقلىم تەرەپتىن كەلگەن مۇساپىر ھېكايىسىنى تاماملاپ، بەھرام ئالدىدا قول باغلاپ تۇرۇپتۇ.

— سەن كىمنىڭ ئەۋلادى بولىسەن؟ — دەپ سوراپتۇ بەھرام.

— مەسئۇدنىڭ نەسلىدىن بولىمەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ مۇساپىر.

بەھرام يەتتىنچى كۈنى مەنزەرۇ كاپۇرغا قەدەم قويۇپتۇ. بۇ مەنزەردە يەتتىنچى ئىقلىم پادىشاھىنىڭ قىزى بار ئىكەن. ئۇلار شاراب ئىچكىلى تۇرۇپتۇ. بەھرام يەتتىنچى ئىقلىمدىن كەلگەن مۇساپىرنى ھېكايە سۆزلەشكە تەكلىپ قىپتۇ.

— ئەي پادىشاھىئالەم، — دەپ ھېكايىسىنى باشلاپتۇ ئۇ، — باغدات شەھىرىدە بىر پادىشاھ بار بولۇپ، ئۇ ناھايىتى دانا، پاراسەتلىك ئىكەن. بىر كۈنى پادىشاھ ۋەزىرنىڭ قىزىنى كۆرۈپ ئاشىق بولۇپ قاپتۇ، ئاندىن ۋەزىرنى چاقىرىپ دەپتۇ:

— ئەي ۋەزىر، ئاڭلىسام، بويىغا يەتكەن بىر قىزىڭ بار ئىكەن، ئۇنى ماڭا بەرگىن.

— بەرمەمدىغان، قىزىمنى ئۆزلىرىگە بەرمەي كىمگە بېرىمەن؟ — دەپتۇ ۋەزىر، — ئەمما ئۆزلىرىگە ئەرزىم شۇكى، قىزىمنى ئۆزۈمدەك بىر نامراتقا بەرسەم مۇناسىپراق بولار. مېنىڭ ئېتىكىم ئۆزلىرىنىڭ قولىغا يەتمەس. مۇبادا قىزىم ئۆزلىرىنىڭ خىزمىتىگە يارىماي قالسا، ئەر ئالماس، يەنى

قىزىم باشقا كىشىگە تېگەلمەس.

پادىشاھ بۇ سۆزنى ئاڭلاپ خامۇش بوپتۇ. بىرنەچچە كۈندىن كېيىن يەنە ۋەزىرنى چاقىرىپتۇ.

— ئەي ۋەزىر، — دەپتۇ پادىشاھ، — بۇ دۇنيادا غەمسىز كىشى بارمىدۇ؟

— بۇ دۇنيادا غەمسىز كىشى يوقتۇر، — دەپتۇ ۋەزىر.

— ئەگەر غەمسىز كىشىنى تاپسام، سېنى ئۆلتۈرسەم مەيلىمۇ؟ — دەپتۇ پادىشاھ.

— مەيلى، — دەپتۇ ۋەزىر پادىشاھقا، — غەمسىز كىشىنى تاپسىلا، مېنى ئۆلتۈرسىلە.

ئۇلار گۇۋاھچى - شاھىتلار ئالدىدا ئەھدە قىپتۇ. پادىشاھ سودىگەرچىلىك جابدۇقلىرىنى راسلاپ، مال - مۈلۈكلىرىنى تۆگە - قېچىرلارغا يۈكلەپ، ئۈچ ئايلىق سەپەر ئىختىيار قىلىپ، ۋەزىرنى ئۆز ئورنىدا قويۇپ يولغا راۋان بوپتۇ، كېچە - كۈندۈز يول يۈرۈپ، شۇنچە ئىزدەپ - سوراپتۇ، غەمسىز كىشىنى ئۇچرىتالماپتۇ.

پادىشاھ كۈنلەرنىڭ بىرىدە چىن - ماچىنغا كەپتۇ. قارىسا، چىن پادىشاھىدا غەم ئالامەتلىرى زاھىر بولماپتۇ. پادىشاھ، ئەمدى غەمسىز كىشىنى تاپتىم بولغاي، دەپ ئويلاپتۇ، نۇرغۇن سوۋغا - سالام بىلەن خاقانىنىڭ ئالدىغا كىرىپتۇ. بىرنەچچە كۈن ئۇ يەردە بوپتۇ. ئۇلارنىڭ ئاشنالىقلىرى كۈنسېرى زىيادىلىشىپ، ئارىسىدا دوستلۇق ئورنىتىلىپتۇ.

بىر كۈنى باغدات پادىشاھى سوراپتۇ:

— ئەي خاقان، مەن باغدات پادىشاھى بولىمەن. مەن بىر ۋەزىرىم بىلەن ئەھدە قىلغان. جاھاندىن غەمسىز كىشىنى تاپسام، ۋەزىرنى ئۆلتۈرىدىغان بولدۇم. ئۇمۇ رازى بولدى. شۇ سەۋەبتىن، غەمسىز كىشىنى تېپىش ئۈچۈن، ئۇنى ئورنۇمدا

پادىشاھلىققا ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپ، سودىگەر قىياپىتىدە سە-پەرگە چىققانىدىم. مانا ئۈچ يىل بوپتۇ، شەھەرمۇشەھەر، يې-زىمۇيېزا كېزىپ غەمسىز كىشىنى تاپالمىدىم. سىزنى كۆرۈپ ناھايىتى خۇشال بولدۇم. سىزنى غەمسىز كۆرۈپ، ئۈمىدىم جانلاندى، ئەمدى مۇرادىمغا يەتكەيمەن.

چىن خاقانى بۇ سۆزنى ئاڭلاپ ئاھ ئۇرۇپ يىغلىۋېتىپتۇ.

— ئەي باغدات پادىشاھى، — دەپتۇ ئۇ، — بىلگىنكى، دۇنيادىن ھەرگىزمۇ غەمسىز كىشىنى تاپالمايسەن. مەندىمۇ غەم يېتەرلىك بار. غەمدىن قۇتۇلۇشنىڭ ئامالى بولمىغاچقا، ئۆزۈمنى خۇشال تۇتىمەن.

— سىزنىڭ غېمىڭىز قانداق غەم؟ — دەپ سوراپتۇ باغدات پادىشاھى.

— ئورنۇڭدىن قوپقىن، — دەپتۇ خاقانى چىن. ئۇ باغداد پا-دىشاھىنى بىر سارايغا باشلاپ كىرىپتۇ. ئۇ يەردە بىر پەردە تار-تىقلىق تۇرغۇدەك. خاقان پەردىنى كۆتۈرۈپتۇ. باغدات پادىشاھى قارىغۇدەك بولسا، قىياپىتى ئىنتايىن سەت، شۇم چىراي بىر زەڭگى ئولتۇرۇپتۇ، ئۇ-نىڭ رەڭگىرويىنىڭ سەتلى-كىدىن كىشى تىكىلىپ قا-رىيالمايدىكەن. ئۇنىڭ قەددى گويا مۇناردەك ئېگىز، قول-لىرى چىناردەك ئۇزۇن، ئاغزى غاردەك، بېشى گۇم-بەزدەك ئىكەن. بويىنىدا غول-لە زەنجىر، قولىدا كويزا، پۇتىدا ئىشكەل، ئەمما يې-



نىدا بىر گۈزەل نازىنىنىن بار ئىكەن. ئۇ گۈزەل بولسا، زەڭگىگە يالۋۇراتتى، زەڭگى بولسا، چىرايىمۇ ئاچماي قوپاللىق قىلاتتى، ھەتتا نازىنىنىنىڭ زىبا يۈزىگە قاتمال ۋە يوغان قوللىرى بىلەن ئۇراتتى، شۇنداقتىمۇ مەلىكە گويا زەڭگىدىن ئايرىلسا، ھاياتىدىن جۇدا بولىدىغاندەك، تېخىمۇ بەكرەك يېلىنىپ - يالۋۇرۇپ، ناز قىلىپ، ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئۇتۇشقا تىرىشاتتى.

— ئەي باغدات پادىشاھى، كۆردۇڭمۇ؟ — دەپتۇ خاقانى چىن.

— ئەي خاقان، بۇ قانداق ۋەقە؟ — دەپ سوراپتۇ باغدات پادىشاھى ھەيران بولۇپ.

— بۇ قىز، — دەپتۇ خاقان سۆزلەپ، — ھامامىنىڭ قىزى ئىدى. دەسلەپتە ئۇ ماڭا ئاشىق، مەن ئۇنىڭغا مەشۇق ئىدىم. مەن ئۇنى ئالىدىغان بولۇپ ئەلچى كىرگۈزدۈم. ئۇنىڭ ئاتىسى قىزنىڭ ھەققى ئۈچۈن يۈز مىڭ قىزىل ئالتۇن تەلەپ قىپتۇ. مەن ئۇنىڭغا ئاجىز كەلدىم. بۇ قىزنىڭ ماڭا مەيلى بار ئىدى، شۇڭا:

«ئەي يىگىت، — دېدى ئۇ ماڭا، — ھەر كۈنى كېچىسى ساراي كەينىگە كەلگىن، ھەر قېتىمدا مىڭ قىزىل ئالتۇن قاچىلانغان بىر ھەميان بېرەي، ئۇنى يىغىۋەرگىن. ئاتام تەلەپ قىلغان مىقدارغا يەتكەندە مېنى ئالغىن. مەن مۇرادىمغا يېتىپ بەختلىك بولۇۋالاي.»

بۇ سۆزگە خۇشال بولدۇم. ھەر ئاخشىمى ساراي كەينىگە بېرىپ ساقلىدىم. ئەل جىمىققاندا بىر ھەميان ئالتۇن ئاچىـ-قىپ بەردى. بىر كۈنى كۆڭلەكچان بارغانىدىم، ھەر ئېھتىمال-غا قارشى خەنجىرىمنى ئېلىۋالغانىدىم. قىزنى ساقلا - ساقلا، خىيال ئىلكىدە خەنجەرنى زەكىرىمنىڭ ئۈستىدە تۇتۇپ ئۇخلاپ قاپتىمەن. قىز بىر ھەميان ئالتۇننى تاشلاپتۇ. ھەميان خەن-جەرگە تېگىپ، خەنجەر زەكىرىمنى كېسىۋەتتى. مەن كۆپ

داۋالىنىپ ساقايدىم، لېكىن ئايال كىشىنىڭ تەلىپىنى رازى قىلغۇچىلىكىم يوقالغانىدى. قىز بۇ ئىشنى ئاڭلاپ مەندىن ئالاھىدە ھال سورىدى. مەن راستىنى ئېيتتىم.

«يالغان ئېيتىسەن، — دېدى قىز سۆزۈمگە ئىشەنمەي، — بۇ سۆزۈڭگە ھەرگىزمۇ ئىشەنگۈم كەلمەيدۇ.»

«ئېيتقانلىرىمنىڭ ھەرگىزمۇ يالغىنى يوق، — دېدىم مەن چۈشەندۈرۈپ، — بۇ بالا ماڭا يەتتى، خۇدايىم باشقا بەندىسىگە بەرمىسۇن.»

قىز سۆزلىرىمگە ئىشەنگەندىن كېيىن:

«ئەي نامەرد! پادىشاھلىقنى تاشلاپ، بۇ شەھەردىن چىقىپ كەت. ئەمدى ھېچ مەقسەت ھەل بولمايدۇ» دېدى.

ئۇ شۇنداق دەپ يۈز ئۆرۈدى، قانچە يالۋۇرساممۇ ئۇنىماي، ماڭا قوپاللىق قىلدى.

«ئەي نازىنىن، — دېدىم ئاخىر، — مېنى خەلق ئارىسىدا رەسۋا قىلما. مەخپىيەتلىكىمنى ساقلىساڭ، پادىشاھلىق، پۈتۈن مال - مۈلۈك سېنىڭ بولسۇن، ھەرنە قىلساڭ قىل. مەن ساڭا چاكار بولاي.»

«ئەي ئەقىلسىز، — دېدى ئۇ ۋارقىراپ، — سەندىن مۇرادىم ھاسىل بولمىسا، پادىشاھلىق، مال - مۈلۈكنى نېمە قىلىمەن؟!»

«ئۇنداق بولسا، لەشكىرىم ئىچىدىن بىرىنى تاللىغىن، ئەمما سىرىم سىرتقا چىقمىسۇن.»

ئۇ سۆزۈمگە ماقۇل بولدى ۋە چوڭ - كىچىك ئەرلەرنىڭ بىر - بىرلەپ ئالدىدىن ئۆتۈشىنى، شۇلاردىن بىرىنى تاللىۋالىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئىلاجسىز قوبۇل قىلدىم.

بۇ قىز بۇ يەردە ئولتۇردى، تامامىي خەلق جەم بولدى. بارلىق يىگىتلەر ئۇنىڭ ئالدىدىن ئۆتتى. ئۇ ئاخىردا ھېلىقى زەڭگىنى

تاللىدى. نەچچە يىلدىن بېرى شۇنىڭ بىلەن بىللە تۇرىدۇ...

— مانا مۇشۇنداق دەرد ـ ئەلەم كۆڭلۈم ئاسمىنىدا ماكان تۇتقان، — دەپتۇ خاقان كۆزلىرىدىن ياشلىرىنى راۋان قىلىپ، — بۇنىڭدىن ئارتۇق غەممۇ بولامدۇ؟ !

— ئەي خاقان، — دەپتۇ باغدات پادىشاھى، — مەن دۇنيانى كېزىپ يۈرۈپ نۇرغۇن غەملەرنى كۆردۈم، لېكىن مۇنداق غەمنى كۆرمىگەنىدىم.

ئەلقىسسە: ئۇ خاقان بىلەن خوشلىشىپ باغداتقا يېنىپ كەپتۇ ۋە ۋەزىرنى چاقىرتىپتۇ.

— ئەي ۋەزىر، — دەپتۇ ئۇ، — ئەمدى قىزىڭنى ماڭا بەرگىن، بولمىسا، ساڭا زىيان سالىمەن.

ۋەزىر قورقۇپ قىزىنى بېرىپتۇ.


پادىشاھ خەزىنىگە كىرىپ بىر ساندۇق ئېلىپ چىقىپتۇ ۋە ئۇنىڭغا قۇلۇپ سېلىپ، مۆھرىنى بېسىپ پېچەتلەپ مەلىكىگە بېرىپتۇ.

— ئەي مەلىكە، — دەپتۇ ئۇ، — مەن ئون ئىككى يىللىق شىكارغا بارىمەن. مەن قايتىپ كەلمىگۈچە ساندۇقنىڭ قۇلۇپىنى ئاچمىغىن، بۇ پېچەتنى بۇزمىغىن، لېكىن ئىچىنى ئالتۇنغا تولدۇرغىن. مېنىڭ پۇشتۇمدىن ئون ئىككى ياشلىق بىر ئوغۇل پەيدا قىلىپ قويغىن. مەن سەپەردىن كەلگەندە، ئۇ پەرزەنت ئاشىقانە غەزەل ئوقۇپ كېلىپ قۇچىقىمدا ئولتۇرغاي ۋە «دادا» دەپ مېھرىبانلىق قىلغاي. بۇ ئاتنى ئۆزۈم مىنىپ كېتىمەن. يەنە بىر ئات پەيدا قىلدۇرغىن، ئۇ ئات مەن تونۇيالمىغۇدەك بولسۇن. ئەگەر بۇ شەرتلەرنى بەجا كەلتۇرمىسەڭ يىلتىزىڭنى قۇرۇتقايمەن.

ئەلقىسسە: ۋەزىرنىڭ قىزى بۇ ۋەھىمىدىن قورقۇپ، بىر كۈنى ئاتىسىنى چاقىرىپ ھەممە ئەھۋالنى بىر ـ بىرلەپ با-

يان قىپتۇ.

— ئەي ئاتا، — دەپتۇ ئۇ، — مەن بىر ئىش قىلايكى، تا قىيا-مەتكىچە دەپتەرگە پۈتۈلگەي. ما-ڭا قىرىق قىز پەيدا قىلىپ بەرگىن، ھەممىسى ئون تۆت ياشلىق بولسۇن، كىچە - كۈن-دۈز مەندىن ئايرىلمىسۇن.



ۋەزىر قىزىنىڭ تەلىپىنى ئورۇنداپ بېرىپتۇ. قىزلارنىڭ ھەممىسى نىقاب تارتىپتۇ. قىز ئۆزىگە شاھزادە بەدەخشان دەپ ئات قويۇپتۇ. ئۇلار قوراللىنىپ، ئاتلارغا مىنىپ پادىشاھنىڭ كەينىدىن راۋان بوپتۇ.

ئەلقىسسە: بىر كۈنى پادىشاھ شىكار قىلىۋاتقاندا، سۈتتەك ئاق بىر كېيىك سەكرەپ ئۆتۈپتۇ. پادىشاھ: «بۇ كېيىك كىمنىڭ ئالدىدىن قېچىپ كەتسە، شۇنى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىمەن» دەپتۇ. كېيىك پادىشاھنىڭ بېشىدىن سەكرەپ ئۆتۈپ كېتىپتۇ. پا-دىشاھ كېيىكنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپتۇ. كېيىك قاچە - قاچە مەلىكە چۈشكەن يەرگە يېتىپ كەپتۇ. مەلىكە شىكار قىلىپ يۈرگەنىكەن. كېيىك مەلىكىنىڭ قېشىغا بېرىپتۇ. مەلىكە كې-يىكنى كۆرۈپ خۇشال بولۇپ ئاتقانىكەن، كېيىك يىقىلىپتۇ. مە-لىكە ئېتىدىن چۈشۈپ كېيىكنى بوغۇزلاپ، غانجۇغىلىماقچى بولۇپ تۇرغاندا پادىشاھ يېتىپ كەپتۇ ۋە:

— ئەي يىگىت، بىر كىشى قىلغان ئوۋنى يەنە بىر كىشى ئالسا، بۇ قانداق گەپ؟ — دەپتۇ.

«شاھزادە» پادىشاھقا تەزىم قىلىپ ناز قىپتۇ. پادىشاھنىڭ

كۆكرەك ساندۇقىغا ئىشق ئوتى كېلىپ تېگىپتۇ. «شاھزادە» كېيىكنى غانجۇغىغا باغلاپ، پادىشاھنىڭ قېشىدىن غايىب بوپتۇ.
بىر سائەتتىن كېيىن، پادىشاھ بىر خىزمەتكاردىن سوراپتۇ:
— بۇ شاھزادە قايسى ۋىلايەتتىن؟
— بۇ شاھزادە بەدەخشانلىق، — دەپتۇ خىزمەتچى تونۇشتۇرۇپ، — بۇ شاھزادە ئاتىسىدىن يامانلاپ كەلگەنىكەن، بەلكى ئۆزلىرىگە دوست بولۇپ قالار.
بۇ سۆزنى ئاڭلاپ پادىشاھ خۇشال بوپتۇ.
— ئۇنداق بولسا، تېزرەك ئاشنا قىلغىن، — دەپتۇ پادىشاھ ئالدىراپ، — مەن سېنى رازى قىلغايمەن.
مەلىكىنىڭ خىزمەتكارى كېلىپ مەلىكىگە خەۋەر قىپتۇ. مەلىكە خۇشال بوپتۇ. مەلىكە مىنگەن ئات ناھايىتى ياخشى ئات ئىكەن، ئۇنى پادىشاھقا ئىنئام قىپتۇ. پادىشاھ «شاھزادە»گە ئىززەت - ئىكراملار قىلىپ، ئالتۇن، دۇر، جاۋاھىراتلار ھەدىيە قىپتۇ. ئۇلار شاراب ئىچىپ ئولتۇرۇشقاندا، پادىشاھ شاھمات ئويناشقا تەكلىپ قىپتۇ. «شاھزادە»: — ئالدى بىلەن باغلىشايلى، ئاندىن ئوينايلى، — دەپتۇ. پادىشاھ قوشۇلۇپتۇ. مەلىكە شاھماتقا ناھايىتى ئۇستا ئىكەن.
— قانداق باغلىشىمىز؟ — دەپ سوراپتۇ پادىشاھ.
— قولىڭىزدىكى ئۈزۈكلەردىن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ «شاھزادە».
پادىشاھ ماقۇل بوپتۇ، ئويناپ ئۇتتۇرۇپ قويۇپتۇ. «شاھزادە» ئۈزۈكنى تاپشۇرۇۋېلىپ، ئۆزى چۈشكەن جايغا قايتىپتۇ. بۇ ئۈزۈك ئەسلىي پادىشاھنىڭ مۆھرى ئىكەن. مەلىكە ساندۇقنى ئېچىپ ئىچىگە ئالتۇن تولدۇرۇپتۇ، يەنە قۇلۇپ سېلىپ، مۆھۈرنى بېسىپتۇ - دە، ئۈزۈكنى پادىشاھقا ئەۋەتىپ بېرىپتۇ.
«شاھزادە» ئەتىسى يەنە شاھمات ئويناپ، پادىشاھنىڭ ئې-

تىنى ئۇتتۇۋاپتۇ. ئاتنى ئېلىپ كېلىپ بىر بايتالغا قويۇپتۇ. يەنە بىر كۈنى يەنە شاھمات ئويناپتۇ. بۇ نۆۋەت «شاھزادە» بىر زىبا كېنىزىكىنى تىكىپتۇ. بۇ قېتىم قەستەن ئۇتتۇرۇۋېـتۇ. پادىشاھ ئىنتايىن خۇرسەن بوپتۇ. «شاھزادە» پادىشاھنى تەكلىپ قىلىپ قايتىپتۇ ۋە ھېلىقى ئۇتتۇۋالغان ئېتىنى ئالدىغا ئەۋەتىپتۇ. پادىشاھ «شاھزادە»نىڭ ئاتنى ئەۋەتكىنىگە ناھايىتى خۇشال بوپتۇ.

مەلىكە ئۆزىنى دو تىككەن كېنىزەكتەك ياساپ، قىزلارغا: «مېنى پادىشاھ ئالدىغا ئېلىپ بېرىڭلار» دەپتۇ. كېنىزەك قىزلار شۇنداق قىپتۇ. پادىشاھنىڭ مۇرادى ھاسىل بولۇپ، ئۈچ كۈنگىچە تاشقىرىغا چىقماي، مەلىكىنىڭ قېشىدا تۇرۇپتۇ.

كېنىزەك قىزلار ئېيتىپتۇ:

— شاھزادە رۇخسەت تىلەيدۇ، ئۆز شەھىرىگە ئاتىسىنىڭ قېشىغا بارماقچى.

— شاھزادە بىزدىن خاپا بولۇپ قايتامدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ پادىشاھ، — نېمە ئۈچۈن قايتىدىكەن؟

— سىزدىن رەنجىپتۇ، — دەپتۇ قىزلار، — چۈنكى ئۇ سىزنى ئىككى قېتىم ئۇتۇپتۇ، لېكىن ئۇزۇك بىلەن ئاتنى ياندۇرۇپ بېرىپتۇ. سىز ئۇنى بىر قېتىم ئۇتۇپسىز، لېكىن ئۇتقاننى قايتۇرماپسىز.

— كېنىزەكنى زورلۇق بىلەن ئالمىدىم، — دەپتۇ پادىشاھ، — شاھمات ئويناپ ئۇتتۇۋالدىم، يامانلىسا، يامانلىسۇن.

پادىشاھ خىزمەتچى قىزلارنىڭ سۆزىنى مەلىكىگە دەپتۇ:

— قىزلار سىزنى تىلەۋاتىدۇ، قانداق قىلىسىز؟

— سىز پادىشاھدۇرسىز، — دەپتۇ مەلىكە، — مەن بەندىنىڭ نېمە ئىختىيارىم بولسۇن!

پادىشاھ مەلىكىگە ناھايىتى ئامراق بولۇپ قالغانىكەن. ئۇ

شاراب ئىچىپ مەستخۇش بوپتۇ. مەلىكە ساقىي بولۇشنى
سوراپتۇ، پادىشاھ رۇخسەت قىپتۇ. مەلىكە ساقىي بولۇپ پادى-
شاھقا ناز - كەرەشمىلەر بىلەن شاراب تۇتۇۋېرىپتۇ. پادىشاھ
ئېغىر مەست بوپتۇ ۋە مەلىكىگە چاقچاق قىلىپ، قوپاللىق
بىلەن ئېسىلغىلى تۇرۇپتۇ.

— ئەي پادىشاھ، — دەپتۇ مەلىكە جىددىي قىياپەتتە، —
ماڭا قالايمىقان چاقچاق قىلىپ، سەت قىلىقلاردا بولما، ئۆزۈڭنى
تۇتۇۋال، بولمىسا، يۈزۈڭگە كاچات يەيسەن !

— ئەي نازىنىن، — دەپتۇ پادىشاھ يۈزىنى تەڭلەپ، —
يۈزۈمگە خالىغانچە ئۇرغىن.

مەلىكە شۇنداق ئۇرۇپتۇكى، پادىشاھ يىقىلىپ يەر قۇ-
چاقلاپتۇ. مەلىكە مەست ھالدا ئۇچقاندەك مېڭىپ يېنىپ كەپ-
تۇ ۋە ئەرچە ياسىنىپتۇ.

ئەلقىسسە: پادىشاھ مەستلىكتىن قۇتۇلۇپتۇ، قارىسا، كېنى-
زەك يوق تۇرغۇدەك. ھەيران بولۇپ ئۇيان - بۇيانغا قاراپتۇ. پا-
دىشاھ خىزمەتچىلىرىگە كېنىزەكنى ئىزدەشكە بۇيرۇپتۇ. خىز-
مەتكارلار كېنىزەكنى ئىزدەپ ھېچ يەردىن تاپالماپتۇ. پادىشاھ بۇ
يوقىتىشتىن ناھايىتى مالال بولۇپ، يەنە شىكارغا بەل باغلاپتۇ.

ئەلقىسسە: مەلىكە شەھەرگە يېنىپ كەپتۇ. قورسىقىدا پادى-
شاھتىن ھامىلە پەيدا بولۇپ، توققۇز ئاي توققۇز كۈن توققۇز
سائەتتىن كېيىن ئايدەك بىر شاھزادىنى تۇغۇپتۇ. ئۇ يەتتە ياشقا
كىرىپتۇ، مەكتەپكە بېرىپتۇ، ئون ياشقا كىرىپتۇ، خەت - ساۋا-
تى چىقىپتۇ. مەلىكىنىڭ بايتال ئېتىمۇ تۇغۇپتۇ. ئۇ ئايغىر پا-
دىشاھنىڭ ئارغىمىقىدىن يۈز ھەسسە ياخشى ئىكەن.

مەلىكە دادىسى بىلەن ناھايىتى خۇشال بولۇشۇپتۇ.

شۇنداق قىلىپ، ئون ئىككى يىل ئۆتۈپتۇ. پادىشاھ شى-
كاردىن يېنىپتۇ ۋە مەلىكىنىڭ قېشىغا كىرىپتۇ.

— ئەي قىز، — دەپتۇ پادىشاھ مەلىكىگە، — قېنى، شەرتلەرنى ئورۇندىدىڭمۇ؟

مەلىكە دەرھال ساندۇقنى ئېلىپ كېلىپ شاھىنىڭ ئالدىغا قويۇپتۇ. پادىشاھ كۆرۈپتۇكى، مۆھۈر بۇزۇلماپتۇ، ئەمما ئىچىگە ئالتۇن تولدۇرۇلۇپتۇ.

مەلىكە خىزمەتچىلىرىگە پادىشاھ مىنىپ كەلگەن ئارغىماقنىڭ ئېگىرىنى ياش ئارغىماققا توقۇپ، ياساپ قويۇشنى بۇيرۇپتۇ. پادىشاھ تاشقىرىغا چىقىپ باغلاقلىق ياش ئارغىماقنى ئۆز ئېتىم دەپ ئويلاپتۇ ۋە:

— ئارغىماق قېنى؟ — دەپ سوراپتۇ. مەلىكە:

— مانا مۇشۇ، — دەپ توقۇقلۇق ئارغىماقنى كۆرسىتىپتۇ.

— ئەي مەلىكە، — دەپتۇ پادىشاھ كۈلۈپ، مەسخىرە قىلىپ، — بىشىڭ ئايلىنىپ قالدىمۇ؟ بۇ مەن مىنىپ كەلگەن ئات ئەمەسمۇ؟

مەلىكە خىزمەتچىلىرىگە پادىشاھ مىنىپ كەلگەن ئاتنى كەلتۈرۈشنى بۇيرۇپتۇ. پادىشاھنىڭ ئېتى كەلتۈرۈلۈپتۇ. ئىككى ئاتنى كۆرگەن كىشىلەر ھەيران قاپتۇ، چۈنكى بۇ ئاتلار بىر-بىرىگە بەكمۇ ئوخشايدىكەن.

— قايىل بولدۇم، — دەپتۇ پادىشاھ، — ئاتنىغۇ تېپىپسەن، پەرزەنتنى قانداق قىلىسەن؟

پادىشاھنىڭ سۆزى تۈگىشى بىلەنلا ئون ئىككى ياشلاردىكى بىر ئوغۇل سالام بېرىپ كىرىپ كەپتۇ، قولىدا كىتاب تۇتقان ھالدا ئاشىقانە غەزەل ئوقۇپ كېلىپ، پادىشاھنىڭ قۇچىقىغا چىقىپ ئولتۇرۇپتۇ، پادىشاھنى «قەدىرلىك ئاتام» دەپ مېھرىبانلىق قىپتۇ.

پادىشاھ بۇ گۆدەكنىڭ سۆز - ھەرىكەتلىرىدىن غەزەپلىنىپتۇ.

— كىمنىڭ ئوغلى سەن؟ — دەپ سوراپتۇ پادىشاھ، —

مەن سىنىڭ ئاتاڭ ئەمەس.
— ئەي ئاتا، — دەپتۇ ئوغۇل كۈلۈپ - ئەركىلەپ، — ئۇنداق دېمە، مەن سىنىڭ پەرزەنتىڭدۇرمەن.
— مەن ئاناڭ بىلەن توي قىلغان بىلەن بىر ئۆيگە كىرمەيلا شىكارغا كەتكەن، قانداقچىسىغا سەن مېنىڭ بالام بولىسەن؟ — دەپتۇ پادىشاھ غەزىپى ئۆرلەپ، — سەن بۇزۇق ئاناڭنىڭ سۆزىگە ئىشىنىپ هارامزادىلىك قىلما!
مەلىكە بۇ سۆزنى ئاڭلاپ بىتاقەت بوپتۇ.
— ئەي پادىشاھ، — دەپتۇ مەلىكە، — ئۆزۈڭنى ئورۇنسىز ئۇپراتما، بۇ ئوغۇل شەكسىز سىنىڭ پەرزەنتىڭ. بۇنىڭ نىشانى ھەم بار.
— نىشانى قايسى؟ — دەپتۇ پادىشاھ.
— بۇنىڭدىن ئون ئىككى يىل بۇرۇن شىكاردا بىر شاھزادىدىن ئۇتۇۋالغان كېنىزەك ۋە ئۇ كېنىزەك ئۇرغان كاچات يادىڭدىمۇ؟ — دەپتۇ مەلىكە.
— يادىمدا، — دەپتۇ پادىشاھ.
— ئاشۇ كاچات ئۇرغان دەل مەن ئىدىم، — دەپتۇ مەلىكە ھەممە ۋەقەلەرنى بىر - بىرلەپ ئەسلىتىپ، — بۇ ئوغۇل شۇ چاغدا بويۇمدا قالغان.
پادىشاھ بۇ سۆزنى ئاڭلاپ، بۇ ئوغۇلنىڭ راستتىنلا ئۆز پۇشتىدىن بولغان يۈرەك پارىسى ئىكەنلىكىنى بىلىپتۇ. مەلىكىنىڭ پەم - پاراستىگە قايىل بولۇپ، ۋەزىرنىڭ گۇناھىدىن ئۆتۈپتۇ ۋە قىرىق كېچە - كۈندۈز توي - تاماشا قىلىپ بېرىپتۇ.
يەتتىنچى ئىقلىمدىن كەلگەن مۇساپىر ھېكايىسىنى شۇ يەردە تاماملاپتۇ.
بەھرام شاھ مەلىكە دىلئارام بىلەن كېچە - كۈندۈز مەي ئىچىشىپ ئەيش - ئىشرەتتە ئۆتۈپتۇ. بەزىدە شىكارغا چىقىپ

www.uyghurkitap.com

ھەر خىل ھايۋانلارنى ئوۋلاپ كاۋاپ قىلىدىكەن.

بىر كۈنى ئۇ دىلئارامنىڭ ھەمراھلىقىدا بىھېساب لەشكەر-لىرىنى ئېلىپ شىكارغا ئاتلىنىپتۇ. ئۇلارنىڭ قاتارىدا ئامانلار ۋە چەۋەندازلارنىڭ ھەممىسى بار ئىكەن. ئۇلار بىر يەرگە بېرىپ قاپتۇ. ئۇ يەردە نۇرغۇنلىغان كېيىكلەر بار ئىكەن.

پادىشاھ بەھرام: «ھەركىم بولسا ئۆز ئورنىدا ئاگاھ تۇر-سۇن، بۇ كېيىكلەر كىمنىڭ ئالدىدىن قېچىپ كەتسە، قاچقان ھايۋان ئورنىغا شۇ كىشىنىڭ قېنى ئاققۇزۇلىدۇ» دەپ ئەمر قىپتۇ.

لەشكەرلەر بۇ سۆزنى ئاڭلىغاندىن كېيىن قورقۇپ، كې-يىكلەرنى قورشاپ تۇرۇپتۇ. پادىشاھ باشلىق ھەركىم ئۆزى خالىغانچە نىشانلاپ ئوق ئېتىپتۇ. يەر يۈزى كېيىكلەر قېنى-دىن لالە رەڭ ئاپتۇ. ئۇلار كېيىكلەرنى ئۆلتۈرۈپ، قانلىرىنى ئاققۇزۇپ، غەپلەت شارابىدىن مەست بولغانىكەن. بىردىنلا ھاۋا گۈلدۈرلەپ چاقماق چېقىلىپ، قاتتىق يامغۇر يېغىپ كېتىپتۇ. ئەتراپ شۇنداق قاراڭغۇلىشىپ كېتىپتۇكى، كىشى كىشىنى كۆرۈش مۇمكىن ئەمەس ئىكەن. ھەركىم ئۆز ئەھۋالى بىلەن قاپتۇ. ئۇلار جان ۋەھىمىدە نالە قىلىپ يىغلاپ، ھەر ياققا ئات چاپتۇرۇپتۇ، لېكىن قۇتۇلۇشنىڭ ئامالىنى تاپالماپ-تۇ.

شاھ بەھرامۇ ئۆز قايغۇسى بىلەن ئاۋارە ئىكەن، دىلئارام-مۇ ھاياتلىق تەمەسى قىلىپ ھەر ياققا تەلمۈرىدىكەن، بىراق ھېچ ياقتىن ئۇلارغا ھاياتلىق پۇرىقى، قۇتۇلۇش شەپىسى كەلمەپتۇ.

ئاخىر بوران چىقىپ قەدەم يۆتكەشكىمۇ ئامال بولماپتۇ. ئاققان قان، گۈرۈلدىگەن بوران، كۆتۈرۈلگەن توپراق كىشىلەرگە ئەجەل سىگنالىنى ئاڭلىتىپ ۋەھىمە سېپتۇ. ئۇلار ئەجەل لەش-كىرىنىڭ قولىدىن قۇتۇلالماپتۇ.

# سېھىرلىق چىراغ

بۇرۇنقى زاماندا بىر ياقا يۇرتتا قاپقارا بىر جادۇگەر ئۆتكەنىكەن. ئۇنىڭ بىر كىتابى بار ئىكەن. ئۇ كىتابقا دۇنيادا بولۇپ ئۆتكەن ۋەقەلەر ۋە بۇنىڭدىن كېيىن بولىدىغان ئىشلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ۋاقتى – قەرەلى، ئورنى پۈتۈلگەنىكەن.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە جادۇگەر بىكارچىلىقتىن ئۆيىدە ئاسمانغا بېقىپ يالغۇز ئولتۇرۇپ، ھېلىقى كىتابى ئېسىگە كېلىپ قاپتۇ، كىتابنى ۋاراقلاپ ئوقۇپ بىر يەرگە كەلگەندە، مۇنداق بىر ئىش بايان قىلىنىپتۇ: «شەھەرى بېسىردا ھەسەن تىككۈچى دېگەن بىر بالا بار. ھازىر ئۇ ئون بەش – ئون ئالتە ياشلارغا كىردى. ئۇنىڭ ئۆيىنىڭ كۈنچىقىش تەرىپىدىكى چۆللۈكنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر قۇدۇق بار. ئۇنىڭ ئېغىزى مىڭ پاتمان كېلىدىغان بىر تۈگمەن تېشى بىلەن ئېتىكلىك. بۇ تاشنى جاھاندىكى ھەرقانداق ئادەمزات مىدىرلىتالمايدۇ. ئۇ تاشنى ھەسەن تىككۈچىنىڭ كەلگۈسىدىكى ئوغلى ئابدۇللا مىدىرلىتالايدۇ ۋە قۇدۇق ئاغزىدىن كۆتۈرۈپ ئالالايدۇ. قۇدۇقنىڭ ئىچىگە ئابدۇللادىن باشقا ئادەم چۈشەلمەيدۇ، چۈشكەندىمۇ تىرىك چىقالمايدۇ. بۇ قۇدۇقتا بىر چىراغ بولۇپ، بۇ چىراغقا پۈتۈن جاھاندىكى جىن – ئالۋاستى، دۆ – پەرىلەرنىڭ جېنى بەندىلىكلىك. ئۇنى قولغا چۈشۈرگەن ئادەم دۇنيادا نېمە قىلىمەن دېسە، چىراغ ئارقىلىق پۈتۈن جىن –

ئالۋاستىلارنى، دۆ ـ پەرىلەرنى يىغىپ، مەقسەت ـ مۇرادىغا يې-تىدۇ».

جادۇگەر بۇ بايانىنى ئوقۇپ بەكمۇ خۇشال بوپتۇ، چۈنكى ئالتۇننى قولغا چۈشۈرۈپ دۇنياغا خوجا بولغۇسى كەپتۇ، دۇنيادىكى ئەڭ چىرايلىق ھۆر ـ پەرىلەرنى ئېلىپ، ئۆمرىنى ئەيش ـ ئىشرەت بىلەن ئۆتكۈزۈشنى ئويلاپتۇ، تېخى ھەسەن تىككۈچى ئەمدىلا ئون ئالتە ياشقا كىرىپتۇ، قاچان توي قىلار؟ قاچان ئابدۇللا تۇغۇلار، دەپ بېشى قېتىپتۇ. شەھرى بېسىرغا بېرىش ئۈچۈن ئۈچ يىل ۋاقىت كېتىدىكەن. ئۈچ يىلغىچىلىك ھەسەن تىككۈچىمۇ توي قىلار، ئابدۇللا تۇغۇلار، يولغا چىقاي، دېگەن نىيەتكە كېلىپ سەپەرگە ئاتلىنىپتۇ. نۇرغۇن تاغ ـ دەريالارنى، دېڭىز ـ ئوكيانلارنى كېسىپ ئۆتۈپ ئۈچ يىل بولغاندا شەھرى بېسىرغا كەپتۇ. سۈ-رۈشتۈرۈپ يۈرۈپ ھەسەن تىككۈچىنى تېپىپتۇ. قا-رىسا، ئۇ تېخى توي قىل-مىغان، تەلپىكىنى چېكە-سىگە كىيىپ، ئوڭ پېشى-نى ئوڭ، سول پېشىنى سول قىستۇرۇپ، ئاغىنى-لىرى بىلەن بەخىرامان ئويناپ ـ كۈلۈپ يۈرگۈ-دەك. جادۇگەر بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ، بۇ پات يېقىندا توي قىلمايدىكەن، توي قىلىش نىيىتىمۇ يوق ئىكەن، ئاب-دۇللا تۇغۇلۇپ ئۈچ ياشقا كىرگەندە ئاندىن كېلەي،



دەپ قايتىپ كېتىپتۇ.
كۆنلەر، ئايلار، يىللار ئۆتۈپتۇ، بۇ ئىشلار جادۇگەرنىڭ يا-
دىدىن چىقىپتۇ. ئارىدىن ئۈچ يىلمۇ ئۆتۈپ كېتىپتۇ. كۆنلەرنىڭ
بىرىدە جادۇگەر كىتابنى ئېلىپ ئوقۇپ بىر يەرگە كەلگەندە،
ھەسەن تىككۈچىنىڭ توي قىلغانلىقى، ئايالىنىڭ ھامىلدار بو-
لۇپ، بالىسىنىڭ تۇغۇلغانلىقى، لېكىن دەل مۇشۇنداق خۇشاللىق
پەيتتە ھەسەن تىككۈچىنىڭ ئۆلۈپ كېتىپ، يېڭى دۇنياغا كۆز
ئاچقان ئوغلى ئابدۇللانىڭ يېتىم قالغانلىقى بايان قىلىنىپتۇ.
بۇنىڭدىن خۇشاللانغان جادۇگەرنىڭ گۇلقەقەلىرى ئېچىلىپ،
ئەمدى مۇراد - مەقسىتىمگە يېتىدىغان بولدۇم، دەپ سەپەرگە
ئاتلىنىپتۇ. ئارىدىن ئۈچ يىل ئۆتكەندە شەھرى بېسىرغا يېتىپ
كەپتۇ، ھەسەن تىككۈچىنىڭ ئۆيىنى سۈرۈشتۈرۈپ تېپىپتۇ.
قارىسا، ئۈچ ياشقا كىرگەن ئابدۇللا ئاغىنىلىرى بىلەن ئۆستەڭ
بويىدا ئېرىق ياساپ ئويناپ يۈرگۈدەك. ئابدۇللا تولىمۇ چىراي-
لىق، ئەقىللىق ئىكەن. بىللە ئويناۋاتقان ئاداشلىرىغا ئىش
تەقسىملەپ، بىرىنى يۈزبېشى، بىرىنى مىراب، بىرىنى دېھقان
قىلىپ ئايرىپ، كىچىك ئېرىق - ئۆستەڭلەرگە سۇ باشلاپ،
يەرلەرنى سۇغارغاننى دوراپ ئويناپ يۈرگۈدەك.
ھەسەن ئۇستامنىڭ كۆپ دۇنيا - ئوقتى بولمىغىنى
ئۈچۈن، قېپقالغان ئازغىنە دۇنيا - ئوقەت بىلەن ئانىسى ئاب-
دۇللانى بېقىپ ئۈچ يىلنى ئۆتكۈزۈپتۇ. ئۆي ئىچىدە خەج -
خىراجەت قىلغۇدەك بىساتى قالماپتۇ. ئابدۇللا ۋە ئۇنىڭ ئا-
نىسىنىڭ كىيىم - كېچەكلىرى يىرتىلىپ جۇل - جۇل بو-
لۇپ كېتىپتۇ، تويغۇدەك تاماقمۇ تېپىپ يېيەلمەيدىغان ھالەت-
تە قاپتۇ. جادۇگەر پۈتۈن شۇملۇقلارنى كۆڭلىگە پۈكۈپ، بىر
بېسىپ - ئىككى بېسىپ ئابدۇللانىڭ قېشىغا كېلىپ:
— ۋاي بالام، بىچارە بالام، ئۇكامنىڭ غېرىب ئوغلى.

قانداق قىلاي، ئۇكام، بىچارە ئوغلۇڭنى تاشلاپ كەتتىڭمۇ؟ ! ۋاقىتتىن ئىلگىرى كېتىپ قاپسەن، — دەپ يىغلاپ - زارلىنىپ، ئابدۇللانى قۇچىقىغا ئېلىپ، يۈز - كۆزلىرىدىكى توپىلىرىنى سۈر-تۈپ، سۆيۈپ - يالاپ، ئۇنىڭ ئۆيىگە كىرىپتۇ. يات ئادەمنىڭ بىر-گەنلىكىنى كۆرگەن ئانا ھەيرانلىق ھېس قىلىپ، ئاددىيغىنا سالامىنى-لىشىپ ئۆيىگە باشلاپتۇ. جادۇگەر تۆرگە چىقىپ ئولتۇرۇپتۇ. بىر-دەملىك جىمجىتلىقتىن كېيىن، جادۇگەر گەپ باشلاپتۇ:

— مەن باشقا بىر شەھەردىن كەلدىم، مەن ئۇكام ھەسەن تۇغۇلۇشتىن ئىلگىرى يۇرتتىن كېتىپ قالغان. ھازىر خوتۇن - بالىلىرىم، ئۆي بىساتىم، مال - مۈلكۈم بار داڭدار ئائىلىگە ئايلاندىم. ئەمدى ئۇكامنى تېپىپ ھالىدىن خەۋەر ئالاي دەپ كەلسەم، بۇ كېلىشمەسلىك يۈز بېرىپتۇ. كېلىپلا بۇ ئەھۋالنى ئۇقتۇم، — دەپتۇ. ئابدۇللانىڭ ئانىسى بۇ يوچۇن مېھماننىڭ گېپىنى ئاڭلاپ ھەيران قاپتۇ. رەھمەتلىك ئېرىم ئاكام بار دې-مىگەنغۇ؟ توساتتىن ئاكىسى پەيدا بولۇپ قالدى، بۇ قانداق گەپ، دەپ ئويلىنىپ قاپتۇ.

بىر كۈن، ئىككى كۈن، ھەتتا بىر ھەپتىمۇ ئۆتۈپتۇ. بۇ ئا-دەم ئۆيگە كىرىپ - چىقىپ بەخىرامان يۈرۈۋېرىپتۇ. كۈنلەرنىڭ بىرىدە، جادۇگەر:

— مەن كەلگىلى بىرنەچچە كۈن بوپتۇ، ئەتە - ئۆگۈن يۇرتۇم-غا قايتمىسام بولمايدۇ، شۇڭا ئابدۇللانى بازارغا ئېلىپ چىقىپ كى-يىم - كېچەك ئېلىپ بەرسەم، — دەپتۇ. بىرنەچچە كۈن ئىچىدە ھېچقانداق گۇمانلىق ئەھۋالنى سەزمىگەن ئانا رۇخسەت قىپتۇ. جا-دۇگەر ئابدۇللانى ئارقىسىغا سېلىپ، ئەتىگەندىلا بازارغا ئاچىقىپ-تۇ. بازار ئارىلاپ مېڭىپتۇ، مېڭىپتۇ، مېڭىۋېرىپتۇ، ئابدۇللا جا-دۇگەرنىڭ ئارقىسىدىن مېڭىۋېرىپتۇ. كۈن چۈش بوپتۇ. ئابدۇللا-نىڭ قورساقلىرى ئېچىپ، بارا - بارا ئۇچەيلىرى تارتىشىپ كې-

تىپتۇ. چىرايلىق كىيىم - كېچەكلەر ئېسىدىن چىقىپ، قورساق تويغۇزۇشنىڭ غېمىگە چۈشۈپتۇ:

— ئاكا، قورسىقىم ئېچىپ كەتتى، تاماق ئېلىپ بەرگەن بولسىڭىز، — دەپتۇ.

— كىچىككىنە چىدا، ئوغلۇم، ئاۋۇ يەردە بىر ئاشخانا بار، شۇ يەرگە بېرىپ تاماق يەيلى، — دەپتۇ جادۇگەر. ئابدۇللا «ماقۇل» دەپ ئارقىسىدىن مېڭىۋېرىپتۇ. كۈن پېشىن بوپتۇ. شەھەرنىڭ چېتىگە چىقىپ جاڭگاللىققا كىرىپ قاپتۇ. قورساقنىڭ ئاچلىقىدا ئابدۇللانىڭ ماڭغۇدەك ماجالى قالماي:

— مەن ئەمدى ماڭالمايمەن، قورسىقىم ئېچىپ ھالىمدىن كەتتىم، — دەپ ئولتۇرۇۋاپتۇ. جادۇگەر يىراقتىكى بىر دەرەخلىكنى كۆرسىتىپ:

— بالام، ئاۋۇ دەرەخلىكنى كۆردۈڭمۇ؟ — دەپتۇ، — ئاشۇ دەرەخنىڭ تۈۋىگە بارساق ئاشخانىمۇ بار، دۇكانىمۇ بار. تاماق، كىيىم - كېچەك ئېلىپ بېرەي، — دەپ مېڭىپتۇ. ئابدۇللامۇ ئارقىسىدىن مېڭىپتۇ. بىر چاغدا دەرەخلىككە بېرىپ قارىسا، نە ئاشخانا، نە دۇكان بولسۇن، بىر دەرەخنىڭ تۈۋىدىن كىچىككىنە بۇلاق سۈيى شىلدىرلاپ ئېقىۋاتقانىكەن.

— ئوغلۇم، كەلدۇق. بۇلاق سۈيىدە قولۇڭنى يۇيۇپ غىزاغا تەييارلان، — دەپتۇ. قورساقنىڭ ئاچلىقىدا ھەممىنى ئۇنتۇغان ئابدۇللا بۇلاقنىڭ بېشىغا بېرىپ، يۈز - قوللىرىنى يۇيۇپ قۇمنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇپتۇ. شۇ چاغدا دەرھال ئالدىغا داستىخان سېلىنىپ بىر قاچا غىزا كەپتۇ، قورساقنىڭ ئاچلىقىدا غىزانىڭ قەيەردىن كەلگەنلىكىنىمۇ سۈرۈشتۈرمەي قورساقنى تويغۇزۇپتۇ.

— ھەي ئوغلۇم، قورسىقىڭ تويغان بولسا، ئەمدى ماڭايلى، بارىدىغان يېرىمىزگە ئاز قالدى، — دەپتۇ جادۇگەر. بىر - ئىككى ئاش پىشىم ماڭغاندىن كېيىن چۆلنىڭ ئوتتۇرىسىدا

www.uyghurkitap.com

بىر قۇدۇق تۇرغۇدەك. قۇدۇقنىڭ ئېغىزىدا ناھايىتى چوڭ بىر تۈگمەن تېشى تۇرغۇدەك.

— كەل، ئوغلۇم، بۇ تۈگمەن تېشىنى ئېلىۋەتكىن، — دەپتۇ جادۇگەر.

— ۋاي ئاكا، مەن كىچىك بالا تۇرسام، بۇنى قانداق ئېلىۋېتەلەيمەن؟ سىز چوڭ ئادەم بولغاندىكىن ئۆزىڭىز ئېلىۋېتىڭ، — دەپتۇ ئابدۇللا.

— ئوغلۇم، سەن كىچىك بالا بولغىنىڭ بىلەن ئوغۇل بالا، بۇنى كۆتۈرۈپ ئالالايسەن. قېنى، كۆتۈرۈپ ئېلىپ باققىن، ئالالمىساڭ مەن ئالاي، — دەپتۇ جادۇگەر. ئابدۇللا ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ، تاشنى ئايلىنىپ ئۇ يەرنى، بۇ يەرنى تۇتۇپ بېقىپ بىر كۈچەش بىلەنلا تاشنى دەس كۆتۈرۈپتۇ. قۇدۇق ئېغىزىنىڭ ئېچىلغانلىقىنى كۆرۈپ ئالدىراپ كەتكەن جادۇگەر:

— تاشنى قۇدۇقنىڭ يېنىدا قويغىن، — دەپتۇ. ئابدۇللا تاشنى ئاستا قۇدۇقنىڭ يېنىدا قويۇپتۇ. قارىسا، قۇدۇق ناھايىتى چوڭقۇر، قاپقاراڭغۇ تۇرغۇدەك.

— ھە، ئوغلۇم، مەن سېنى مۇشۇ قۇدۇققا سالىمەن، — دەپتۇ جادۇگەر. ئابدۇللا:

— ئاكا، مەن قاراڭغۇدىن بەك قورقىمەن، چۈشمەيمەن، — دەپتۇ.

— سەن يۈرەكلىك، باتۇر، قورقمايسەن. بېلىڭنى ئارغامچىدا باغلاپ قۇدۇققا سالىمەن. قۇدۇقنىڭ تېگىگە چۈشكەندىن كېيىن بىردەم تۇرساڭ، كۆزۈڭ كۆرىدۇ. شۇ چاغدا قۇدۇقنىڭ بىر تەرىپىدىن يىڭنىنىڭ تۆشۈكىدەك بىر جايدىن يورۇق كۆرۈنىدۇ، شۇ يەرگە بارساڭ، بىر ئىشىك بار، ئىشىكنى ئاچساڭ، ناھايىتى يورۇق يەر ئاستى دۇنياسىغا چىقىسەن. ئىشىكنى ئېچىپ شۇنداق مېڭىشىڭغا، ئىشىكنىڭ ئىككى تەرىپىدىن ئىككى

يولۋاس ساڭا خىرىس قىلىپ، چىشلىرىنى چىقىرىپ ھۇجۇم قىلىپ كېلىدۇ، سەن قورقمايسەن. مەندە بىر دانە ئۈزۈك بار، شۇنى بېرىمەن، ئۈزۈك قولۇڭدا بولسا، ساڭا ھېچ نەرسە زىيانكەشلىك قىلالمايدۇ، خېيىمخەتەرگە ئۇچرىمايسەن. شۇنداق قىلىپ، ئارقاڭغا يانماي ئالدىڭغا مېڭىۋەرسەڭ، ئىككى يولۋاس ھۇجۇم قىلىپ كېلىپ ئىككى پېشىڭنى شۇنداق چىشلەپلا ئۆلىدۇ. سەن بىردەم ماڭغاندىن كېيىن ئىككىنچى دەرۋازىغا بارىسەن. دەرۋازىنى ئېچىپ كىرىشىڭگە دەرۋازىنىڭ ئىككى تەرىپىدىن ئىككى ئەجدىھا ئاغزىدىن ئوت چاچرىتىپ، تىللىرىنى چىقىرىپ، سېنى يېيىش ئۈچۈن ھۇجۇم قىلىپ كېلىدۇ، — دەپتۇ جادۇگەر.

— ۋاي ئاكا، مەن قاراڭغۇدىن قورقمايمەن، يولۋاستىنمۇ قورقمايمەن، ئەجدىھادىن بەك قورقىمەن، چۈشمەيمەن، — دەپتۇ ئابدۇللا.

— ھەي ئوغلۇم، سەن ئوغۇل بالا، قورقمايسەن، ئارقاڭغا يانماي ئالدىڭغا مېڭىۋەرسەڭ، ئىككى ئەجدىھا ئىككى پېشىڭنى شۇنداق چىشلەش بىلەنلا ئۆلىدۇ. سەن يەنە يولۇڭنى داۋاملاشتۇرۇپ مېڭىۋەرسەڭ، ئۈچىنچى دەرۋازىغا بارىسەن. دەرۋازىنى شۇنداق ئاچساڭ، ئالدىڭدا بىر ئايۋان كۆرۈنىدۇ. ئايۋاننىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بىر كۆرپىدە ئاناڭ ناھايىتى بىچارە قىياپەتتە، كۆزلىرى چاپاق، ياش ئاققان، يۈز - كۆزلىرى توپا، كىيىم - كېچەكلىرى يىرتىق ئولتۇرىدۇ. سېنى كۆرۈپلا: «ۋاي ئوغلۇم، نەگە باردىڭ؟ ئاكاڭ قېنى؟ ساڭا كىيىم - كېچەك قىلىپ بەرمىدىمۇ؟ كەل، ئوغلۇم، قورسىقىڭ ئاچقاندۇ، تاماق ئېتىپ قويدۇم، يەۋالغىن» دەپ سەن تەرەپكە كېلىدۇ. سەن ئاناڭنىڭ ئالدىغا بارماي، ئارقاڭغا بىر قەدەم يېنىپ، دەرۋازىنى يېپىپ بولۇپ ئاندىن ئېچىپ كىرسەڭ، ئاناڭ غايىپ بولىدۇ، — دەپتۇ جادۇگەر.

— ۋاي ئاكا، ئانام نەگە كېتىدۇ؟ مەن نېمىشقا قېشىغا بارمايمەن؟ — دەپتۇ ئابدۇللا ھەيران بولۇپ.

— ئوغلۇم، ئۇ سېنىڭ ئاناڭ ئەمەس، ئاناڭنىڭ قىياپىتىگە كىرىۋالغان ئالۋاستى، قېشىغا بارساڭ، يەپ كېتىدۇ. سەن ئىك-كىنچى قېتىم دەرۋازىنى ئېچىپ ئايۋاننىڭ تۆرىگە بارساڭ، نەچ-چە زاماندىن بېرى تاشلىنىپ كىرلىشىپ كەتكەن بىر كونا چىراغ بار، شۇنى ماڭا ئاچىقىپ بەرگىن. ئاندىن مەن سېنى ئۆ-يۈڭگە ئاپىرىپ قويىمەن، ئەڭ چىرايلىق كىيىم - كېچەكلەرنىمۇ ئېلىپ بېرىمەن، — دەپتۇ جادۇگەر. ئابدۇللا ماقۇل بوپتۇ. جا-دۇگەر ئۆزۈن ئارغامچىدا ئابدۇللانىڭ بېلىنى باغلاپ قۇدۇققا ساپتۇ. قۇدۇقنىڭ ئىچى قاپقاراڭغۇ ئىكەن، ئابدۇللا ھېچ نەرسى-نى كۆرەلمەپتۇ. بىردەم تۇرغاندىن كېيىن دىگەندەك قۇدۇقنىڭ بىر تەرىپىدە كىچىككىنە يورۇقلۇق كۆرۈنۈپتۇ. ئابدۇللا سىلاش-تۇرۇپ باقسا، بىر ئىشىك تۇرغۇدەك. ئىشىكنى شۇنداق ئاچسا، بىر يەر ئاستى دۇنياسىغا چىقىپتۇ. ئىشىكتىن پۇتىنى ئېلىشى-غا، ئىككى تەرەپتىن ئىككى يولۋاس چىشلىرىنى ھىڭگايتىپ دەھشەتلىك ھۇجۇم قىلىپ كەپتۇ. ئابدۇللا يوچۇن ئاكىسىنىڭ دىگىنى بويىچە ئۈزۈكنى قولىغا سېلىپ ئالدىغا قاراپ مېڭىۋې-رىپتۇ. ھۇجۇم قىلىپ كەلگەن يولۋاسلار چاپىنىنىڭ ئىككى پېشىنى شۇنداق چىشلەپلا يىقىلىپ ئۆلۈپتۇ. بۇنى كۆرگەن ئابدۇللا ئۈزۈك قولۇمدا بولسا، ھېچقانداق خېيىمخەتەرگە ئۇچرىمايدىكەنمەن، دەپ ئۆزىگە ئىشەنچ تۇرغۇزۇپ، يولىنى داۋاملاشتۇرۇپ ئىككىنچى دەرۋازىغا بېرىپتۇ. دەرۋازىنى شۇنداق ئېچىپ كىرىشىگە، دەرۋازىنىڭ ئىككى تەرىپىدىن ئىككى ئەجدىھا تىللىرىنى چىقىرىپ، ئاغزىدىن نەچچە غۇلاچ ئوت چاچرىتىپ ھۇجۇم قىلىپ كەپتۇ. ئابدۇللانىڭ تېنى جۇ-غۇلداپ كېتىپتۇ، لېكىن ئالدىنقى تەجرىبىسىگە ئاساسەن

ئالدىغا قاراپ مېڭىۋېرىپتۇ. ھۇجۇم قىلىپ كەلگەن ئەجدىھالار ئۇنىڭ چاپىنىنىڭ ئىككى پېشىنى شۇنداق چىشلەش بىلەنلا ئۆلۈپتۇ. ئابدۇللا يولىنى داۋاملاشتۇرۇپ ئۈچىنچى دەرۋازىغا بېرىپتۇ. دەرۋازىنى شۇنداق ئېچىپ قارىسا، چوڭ بىر ئايۋان، ئايۋاننىڭ ئوتتۇرىسىغا بىر كۆرپە سېلىنغان، ئۈستىدە ئۆز ئانىسى ئولتۇرغۇدەك. ئانىسى ئابدۇللانى كۆرۈپلا:

— ۋاي ئوغلۇم، كەلگىن، ئەتىدىن نەگە باردىڭ؟ نەلەردە يۈردۈڭ؟ قورسىقىڭ ئاچقاندۇ، تاماق ئېتىپ قويدۇم، يەۋالغىن، ئاكاڭ قېنى؟ — دەپ ئورنىدىن تۇرۇپ مېڭىشقا تەمشىلىپتۇ. ئابدۇللامۇ ئانىسىنىڭ بىچارە قىياپىتىنى كۆرۈپ ئالدىغا بارغۇسى كەپتۇ، بىراق ھېلىقى «ئاكىسى»نىڭ گېپى ئېسىگە كېلىپ، بىردەم ئارقىسىغا يېنىپ دەرۋازىنى يېپىپ، قايتا ئېچىپ قارىسا، ئايۋاندا ھېچكىم يوق. ئايۋاننىڭ بۇلۇڭىغا بېرىپ قارىسا، توپا بېسىپ كەتكەن بىر چىراغ تۇرغۇدەك، ئۇنى خالتىغا ساپتۇ. كېتەي دەپ تۇرۇشىغا پۇتىغا بىرنەرسە تېگىپتۇ، قارىسا، توخۇ تۇخۇمىدەك يۇملاق، ھەر خىل نۇرلارنى چىقىرىدىغان بىرمۇنچە تاشلار تۇرغۇدەك. بۇ تاشلاردىن خالتىغا پاتقۇدەك سېلىۋالاي، ئۆيگە بارغاندا ئاداشلىرىم بىلەن ئوينارمەن، دەپ بىرنەچچىنى سېلىۋاپتۇ. قۇدۇققا كېلىپ توۋلاپتۇ. جادۇگەر قۇدۇق بېشىدا تەقەززالىق بىلەن كۈتۈپ تۇرغانىكەن.

— ئوغلۇم، ئالدى بىلەن چىراغنى ئارغامچىغا چىگىپ قويۇغىن. چىراغنى تارتىۋېلىپ ئاندىن سېنى تارتىۋالاي، — دەپتۇ ئۇ. چىراغ خالتىنىڭ تېگىدە قالغانلىقى ئۈچۈن، چىراغنى ئالاي دېسە، تاشلارنىڭ چېچىلىپ كېتىپ قاراڭغۇدا تاپالماسلىقىدىن ئەنسىرەپ:

— ئاكا، چىراغ خالتامنىڭ تېگىدە قالدى، ئۆيگە بارغاندىن كېيىن ئاداشلىرىم بىلەن ئويناش ئۈچۈن بىرنەچچە تاشنى سې-

www.uyghurkitap.com



لىۋالغانىدىم. قۇدۇقنىڭ ئىچى بەك قاراڭغۇ ئىكەن، تاشلىرىم چېچىلىپ كەتسە، تاپالماي قالارمەن، شۇڭا چىراغ بىلەن قوشۇپ تارتىۋېلىڭ، چىراغنى يورۇققا چىققاندىن كېيىن بەرسەم، — دەپ يالۋۇرۇپتۇ ئابدۇللا. جادۇگەر ھەرقانچە يالۋۇرۇپمۇ، پوپوزا قىد-لىپمۇ چىراغنى ئارغامچىغا باغلىتالماپتۇ. ھە، بۇ ھارىمى بەك ئەقىللىق ئىكەن، چىراغنىڭ سىرىنى بىلىۋالغان ئوخشايدۇ، چىراغ بىلەن بىللە تارتىپ چىقارسام، يەر ئۈستىگە چىقىۋېلىپلا دىۋە - پەرىلەرنى يىغىپ مېنىڭ ئەدىپىمنى بېرىپ، چىراغقا ئۆ-زى ئىگە بولماقچى ئوخشايدۇ. ئۇنىڭدىن كۆرە قۇدۇقنىڭ تېگىدە قېلىپ ئۆلسۇن، دەپلا كېتىپتۇ. ئابدۇللا:

— ئاكا، قورقۇۋاتىمەن. مېنى تارتىۋېلىڭ، قۇدۇقتىن چى-قىپلا چىراغنى بېرەي. ماڭا كېيىم - كېچەكمۇ ئېلىپ بەرمەڭ، ئانامنىڭ قېشىغا بېرىۋالاي، — دەپ يالۋۇرۇپتۇ، يىغلاپتۇ، يىغلاۋېرىپ ياشلىرىنى سۈرتۈپ بولالماي ھوشىدىن كېتىپ يى-قىلىپتۇ. قانچىلىك ۋاقىت ئۆتكەنلىكى ئېسىدە يوق، بىر چاغدا

ھوشىغا كېلىپ كۆزىنى ئاچسا، قۇدۇقنىڭ ئىچى ئېخىمۇ قاراڭ-غۇلىشىپ كېتىپتۇ، بېشىنى كۆتۈرۈپ قۇدۇقنىڭ ئېغىزى تە-رەپكە شۇنداق قارىسا، بېشى قۇدۇقنىڭ ئېغىزىغا تاقىشىدىغان قاپقارا بىر نەرسە توختىماي ئابدۇللاغا تەزىم قىلىغۇدەك. بۇنى كۆرۈپ ئابدۇللا قورقۇپ يىغلاپ، ياشلىرىنى سۈرتۈپ قارىسا، بۇ مەخلۇق يەنىلا خۇشامەت قىلىپ تەزىم بەجا كەلتۈرۈپ تۇرغۇ-دەك. بارا - بارا ئابدۇللانىڭ يۈرىكى جايىغا چۈشۈپ، قورقۇشى پەسىيىپتۇ. نېمە بولسا بولسۇن، گەپ سوراي، دېگەننى ئويلاپ:

— سەن كىم؟ نېمە قىلىسەن؟ نېمانچە توختىماي تەزىم قى-لىسەن؟ — دەپتۇ. بۇلۇتقا ئوخشاش قارا كۆلەڭگە:

— ۋاي ئابدۇللا غوجام، مەن دىۋىلەرنىڭ پادىشاھى، قانداق خىزمەتلىرى بار؟ ئىجرا قىلىشقا مەن تەييار، — دەپ يەنە تەزىم قىلىشقا باشلاپتۇ. ئابدۇللا ئويلاپ، بۇ بەك چوڭ مەخلۇقكەن، بېشى قۇدۇقنىڭ ئېغىزىغا تاقىشىدىكەن، مېنى قۇدۇقتىن چىقىرىپ قويغىن دەي، نېمە قىلاركىن، دېگەن خىيالغا كېلىپ:

— مېنى قۇدۇقنىڭ ئۈستىگە چىقىرىپ قويغىن، — دەپتۇ. دىۋە «خوپ» دەپلا ھەش - پەش دېگۈچە ئابدۇللانى كۆ-تۈرۈپ قۇدۇقنىڭ ئۈستىگە چىقىرىپ قويۇپتۇ. ئۆزى يەتمىش توققۇز غۇلاچ يىراقلىققا بېرىپ:

— ۋاي غوجام، يەنە قانداق خىزمەتلىرى باركىن؟ بەجا كەلتۈرۈشكە مەن تەييار، — دەپ تەزىم قىلىپ تۇرۇپتۇ. ئابدۇللا شۇنداق قارىسا، ئۇنىڭ بېشى بۇلۇتقا تاقىشىپ تۇرغاچقا، كۈن نۇرىنى توسۇپ، ئالەم قاراڭغۇلىشىپ كېتىپتۇ. بۇ دىۋىنىڭ ئەتراپىدا يەنە شۇنىڭغا ئوخشاش دىۋىلەردىن بىرنەچچە مىڭى توختىماي تەزىم قىلىپ تۇرغۇدەك. بۇنى كۆرگەن ئابدۇللا تېز-رەك قۇتۇلۇشنى ئويلاپ:

www.uyghurkitap.com

— ئەمدى باشقا خىزمەت يوق، قايتىپ كېتىڭلار، — دەپتۇ.

— خىزمەتلىرى چىققاندا چاقىرتالا، سىلىگە رەھمەت، — دەپ هاۋاغا كۆتۈرۈلۈپ كۆزدىن غايىب بوپتۇ ئۇلار.

ئابدۇللا ئورنىدىن تۇرۇپ، خالتىسىنى يۇدۇپ، كەلگەن يولى بىلەن ئۆيىگە بېرىپتۇ. ئۆيىگە كەلسە، ئانىسى يىغلاپ ئولتۇرۇپتۇ.

— ئاكاڭ قېنى؟ — دەپ سوراپتۇ ئانا ۋە ئىشىك ئالدىغا چىقىپ قاراپتۇ، ھېلىقى ئادەم ھېچ يەردە كۆرۈنمەپتۇ.

— ئانا، ئۇ ئادەمنى ئىزدىمەڭ، ئۇ يامان ئادەم ئىكەن، مېنى بىر چوڭقۇر قۇدۇققا تاشلاپ قويۇپ كېتىپ قالدى، — دەپتۇ ئابدۇللا.

ئايلار، يىللار ئۆتۈپتۇ، ئابدۇللامۇ چوڭىيىشقا باشلاپتۇ، دادىسىدىن قالغان بىساتى بىلەن ئانا ـ بالا تۇرمۇشنى ئۆتكۈزۈپتۇ، كۈنلەرنىڭ بىرىدە مال ـ دۇنياسى تۈگەپ، ساتقۇدەك ھېچ نەرسىسى قالماپتۇ. بىر كۈنى ئانىسى:

— ئوغلۇم، سەن بىر زامانلاردا ئەكەلگەن ھېلىقى تاشلار بارمۇ؟ بولسا، ئىككىنى سېتىپ بىر ۋاخ تاماق ئېلىپ يېسەك، — دېگەنىكەن، ئابدۇللا دەرھال ئۆيگە كىرىپ ئىككى تال تاشنى ئانىسىغا ئاچىقىپ بېرىپتۇ. بىچارە ئايال ئىككى تال تاشنى يېڭىنىڭ ئىچىگە سېلىپ بازارغا بېرىپتۇ، كوچىلارنى ئارىلاپ، دۇكانلارنى چۆرگىلەپ يۈرۈپتۇ، لېكىن ئىككى تاشنى ساتىمەن دەپ چىقىرىشقا نومۇس قىلىپ، كېتىپ بېرىپ بىر دۇكاننىڭ ئالدىغا كېلىپ قاپتۇ. بۇ بېسىر شەھىرى بويىچە ئەڭ چوڭ باينىڭ دۇكىنى ئىكەن. دۇكاندا ناھايىتى سالاپەتلىك بىر كىشى ئولتۇرغۇدەك، يولدىن ئۆتكەنلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭغا تەزىم بەجا كەلتۈرگۈدەك. بۇ كىشىنىڭ باش تەرىپىگە ئالتۇندىن ياسالغان بىر قەپەس ئېسىقلىق تۇرغۇدەك. ئالتۇن قەپەسنىڭ ئىچىدە بىرنەچچە يەردىن دەز كەتكەن، دەز كەتكەن جايلىرى قادالغان ھەم كىرلىد-

شىپ كەتكەن ئىككى تال تاش تۇرغانىكەن. ئانا ئۇيان ئۆتۇپ، بۇيان ئۆتۇپ تاشلارغا قاراشقا باشلاپتۇ. بۇ تاشلارنىڭ بەزى جايلىرى ئۆزىنىڭ تېشىغا ئوخشايدىكەن، لېكىن ئۇنداق كۆركەم، چىرايلىق ئەمەس ئىكەن. بىردە قەپەستىكى تاشقا، بىردە يېڭىدىكى تاشقا قاراپ سېلىشتۇرۇۋاتقاندا، دۇكان خوجايىنى بۇ ئايالنى كۆرۈپ قېلىپ، بۇ ئوغرى ئوخشايدۇ، مېنىڭ گۆھەرلىرىمنى يېڭىگە شەرەت قىلىۋاتىدۇ، دەپ ئويلاپ:

— ھەي خوتۇن، سەن نېمە ئۈچۈن مېنىڭ بىباھا گۆھەرلىرىمنى يېڭىڭگە شەرەت قىلىسەن؟ ئوغرىلاپ قاچماقچىمۇ؟ تېز كەت، بولمىسا، گۆھەر ئوغرىلىغان ئوغرى دېگەن نام بىلەن زىنداندا ياتىسەن! — دەپتۇ. ئايال سودىگەرنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ ناھايىتى قورقۇپ كېتىپتۇ، شۇنداقتىمۇ، مەن ئوغرى بولمىغاندىكىن زىندانغىمۇ تاشلىماس، دەپ ئويلاپ:

— ۋاي سودىگەر باي غوجام، سىلىنىڭ ئالتۇن قەپەستىكى نەچچە يەردىن دەز كەتكەن، كىرلىشىپ - مەينەتلىشىپ كەتكەن ئىككى تاشلىرى مېنىڭ ئىككى تال تېشىمغا ئوخشايدىكەن. بۇ تاشلارنى سېلىشتۇرۇپ باقتىم. كەمبەغەل بولغىنىم بىلەن پاك يۈرىكىم بار، مەندىن بىھۇدە گۇمانلانمىسىلا، — دەپتۇ. ئىككى تال تاشنىڭ گېپىنى ئاڭلىغان سودىگەر:

— قېنى، تاشنى كۆرسىتىڭ، — دەپتۇ. ئايال تاشلارنى چىقارغانىكەن، سودىگەرنىڭ كۆزلىرى چاقناپ كېتىپتۇ. دۇكانغا گۆھەرنىڭ ھەر خىل رەڭدىكى شولىلىرى چۈشۈپ، ۋال - ۋۇل قىلىپ كېتىپتۇ. بىردەمدىلا دۇكان ئەتراپىغا كىشىلەر توپلىنىشىپتۇ. بۇنى كۆرگەن سودىگەر چاچراپ ئورنىدىن تۇرۇپ، دۇكاننىڭ ئالدىغا چۈشۈپ توققۇز تەزىم بەجا كەلتۈرۈپ:

— ۋاي خېنىم، قوپاللىق قىپتىمەن، خاپا بولمىسىلا، ئۆيگە كىرىپ ئۆيدە سودىلاشساق، — دەپ يېلىنىشقا باشلاپتۇ.

ئۆمرىدە تۇنجى قېتىم «خېنىم» دېگەن گەپنى ئاڭلىغان ئابدۇللا-نىڭ ئانىسى تەمتىرەپ كېتىپ قانداق قىلىشنى بىلەلمەي تۇر-غاندا، سودىگەر قولىدىن تۇتۇپ يېتىلەپ ئۆيىگە باشلاپ كىرىپتۇ، نەچچە قات كۆرپىنىڭ ئۈستىگە ئولتۇرغۇزۇپتۇ ۋە داستىخان سېلىپ ھەر خىل ناز-نېمەتلەرنى تولدۇرۇۋېتىپتۇ. داستىخان يىغىلىپ بولغاندىن كېيىن، سودىگەر گەپ باشلاپ:

— خېنىم، تاشلىرىنى ماڭا سېتىپ بەرسىلە، — دەپتۇ.

— ۋاي سودىگەر غوجام، سىلىگە لازىم بولسا بېرەي، — دەپلا قولىنى شۇنداق بىر شىلتىپتىكەن، يېڭىنىڭ ئىچىدىن چىققان تاشلار ئۆيدە دومىلاپ يۈرۈپ، ئۆينىڭ ئىچىنى چاقنىتى-ۋېتىپتۇ. سودىگەر ئۆمىلەپ يۈرۈپ ئاران تەستە ئىككى تاشنى ئەكېلىپ ئالتۇن لېگەننىڭ ئۈستىگە قويۇپتۇ ۋە باھاسىنى سوراپتۇ. بۇ ئايالنىڭ بېشىغا غەم چۈشۈپ، مېنىڭ ھۆرمىتىمنى قىلىپ خېنىم دەپ ئاتىدى، داستىخانغا نازۇنېمەتلەرنى تىزىپ مېھمان قىلدى، باھا سورىغۇچە ئىككى تاشقا ئىككى تەڭگە بەر-سە، تۆت نان ئېلىپ بالام بىلەن بىر كۈن جاھاندارچىلىق قىلا-ساق بولامتى، دېگەن ئويلىنىش بىلەن ھېچ نەرسە دېگىلى ئۇ-نىماپتۇ، سودىگەر قانچە قىلسىمۇ، گەپ قىلغىلى ئۇنىماپتۇ. ئا-خىر سودىگەر باھا قويۇپ: «ئىككى مىڭ تىللا بەرسەم» دەپتۇ. ئا-يال ئىككى تەڭگىلىك نەرسىنى ئىككى مىڭ تىللا دەپ، مېنى ئاجىز كۆرۈپ زاڭلىق قىلدى، دېگەن ئويغا كېلىپ:

— ۋاي، سودىگەر غوجام، سىلى بۇ تاشنى ئالمايدىكەنلا. مې-نى زاڭلىق قىلمىسىلا، ئالار بولسىلا، ئۆز باھاسىغا ئالسىلا، بولمىسا، مېنى ئۆيدىن چىقىرىپ قويسىلا، — دەپ ئورنىدىن تۇرۇپتۇ. سودىگەر ناھايىتى جىددىيلىشىپ كېتىپ، باھاسىنى تۆۋەن كۆرگەن ئوخشايدۇ، دەپ: «تۆت مىڭ تىللا بېرەي» دەپتۇ. ئايال تېخىمۇ خاپا بوپتۇ. ئاخىر سودىگەر ئون مىڭ تىللا باھا

www.uyghurkitap.com

قويۇپتۇ. باھانى ئۆرلىتىۋەرگەندىن كېيىن، ئايال تۇرۇپ، قېنى، ئالسىلا دەي، نېمە دەركىن، دەپ، «ئالسىلا» دەپتۇ. سودىگەر دەرھال تىللا قاچىلانغان ساندۇقلارنى ئەكېلىپ ئون مىڭ تىللانى ساناپ بېرىپتۇ.

ئايال تىللانى ياغلىققا چىگىپ، نان ۋە يەل - يېمىشلەرنى ئېلىپ ئۆيگە مېڭىپتۇ. ئارقامدىن كېلىپ تىللانى تارتىۋالارمىكىن دېگەن ئەندىشىدە باشقا يول بىلەن مېڭىپ ئۆيگە بېرىپتۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ ئانا - بالا ئىككىسى تۇرمۇشىنى خۇشال - خۇرام ئۆتكۈزۈپتۇ، پۇلى تۈگىسە، تاشلارنى سېتىپ خىراجەت قىپتۇ. بىراق، ئابدۇللا ھېچقانداق ئىشنىڭ بېشىنى تۇتماي، ھۇرۇن ئادەم بوپتۇ. ئابدۇللانىڭ يېشى ئون سەككىزگە كېلىپ، بالاغەتكە يېتىپتۇ، تاشلارنىمۇ سېتىپ يەپ تۈگىتىپتۇ، ئۆيدە ساتقۇلۇق قالماپتۇ، قورساقلىرى ئاچ، ئۈچەيلىرى تارتىشىپ ئولتۇرغاندا، ئانىسى:



— بالام، سەن بىر زامانلاردا ئەكەلگەن ھېلىقى چىراغ تەكچىدە تۇرىدۇ. تازىلاپ بەرگەن بولساڭ، ئىككى تىللاغا ئالسا سېتىپ بىر ۋاخلىق تاماق ئېلىپ يېگەن بول-

ساق، — دەپتۇ. ئابدۇللا ئورنىدىن تۇرۇپ ئىختىشقىمۇ ئېرىنىدىغان هالغا كەلگەنىكەن. تولىمۇ هورۇنلۇق بىلەن ئورنىدىن ئارانلا تۇرۇپ، كونا چىراغنى ئاچىقىپ سۇغا چىلاپ، ياغاچتا قىرىپ يۇيۇشقا باشلاپتۇ. ئۇ جەرياندا ئابدۇللانىڭ قولىدىكى هېلىقى ئۈزۈك كونا چىراغقا بىرنەچچە قېتىم قاتتىق تېگىپ كېتىپتۇ. بىر چاغدا هاۋا گۈلدۈرلەپ، بۇلۇتلار ئۇچۇشۇپ، قاتتىق يامغۇر يېغىپتۇ، ئاندىن قاتتىق بوران چىقىپتۇ. ئۇ كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە بولغان ئارىلىقتىكى ئۆزگىرىشتىن هەيران بولۇپ ئولتۇرغاندا، هاۋادا قارا بۇلۇت پەيدا بوپتۇ. ئۇلار بارا - بارا يىقىنلاپ يەرگە چۈشۈپ، بېشى ئاسمانغا تاقىشىدىغان دىۋىلەرگە ئايلىنىپ، تەزىم بەجا كەلتۈرۈپ تۇرۇپتۇ. دىۋىلەر پادىشاهى ئالدىغا چىقىپ، ئابدۇللاغا توققۇز تەزىم قىلىپ:



— ئى غوجام، نېمە خىزمەتلىرى بارئىكىن؟ بەجا كەلتۈرۈشكە تەييارمەن، — دەپ بېشىنى ئېگىپ تۇرۇپتۇ. بۇ قېتىم ئابدۇللا ئانچە قورقماپتۇ. ئابدۇللا ئويلىنىپ تۇرۇپ، مال - دۇنيا سوراي، دېگەن يەرگە كېلىپ:

— ماڭا ئاش - تاماق، كىيىم - كېچەك، مال - مۈلۈك كەلتۈ-

روڭلار، — دەپتۇ. دىۋە توققۇز تەزىم قىلىپ ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپلا، ئۆزىگە ئوخشاش دىۋىلەرگە قولىرىنى شىلتىپ بىرنەرسىلەرنى دەپتۇ. كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە ئابدۇللانىڭ ئالدىغا ئېسىل نازۇ نېمەت، كىيىم - كېچەك ۋە نۇرغۇن مال - مۈلۈك دۆۋىلىنىپتۇ. دىۋىلەر پادىشاھى ئابدۇللانىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— يەنە قانداق خىزمەتلىرى بارئىكىن؟ بەجا كەلتۈرۈشكە تەييارمەن، — دەپ بېشىنى ئېگىپ تۇرۇپتۇ.

— باشقا نەرسە لازىم ئەمەس، قايتىپ كېتىڭلار، — دەپتۇ ئابدۇللا. دىۋىلەر مېڭىشىغا، ئابدۇللا، بۇرۇن قۇدۇقتىن ئېلىپ چىققان نەرسىلەر بىلەن جان باقتىم، كېيىن يوقسۇزلۇقنىڭ دەردىنى تارتتىم. بۇگۈن مال - مۈلۈك ئەكېلىپ بەردى. بۇلارنى سەرپ قىلىپ تۈگەتسەم، بۇ مەخلۇقلار كەلمەي قالسا، قانداق قىلارمەن؟ شۇڭا كېلىدىغان ۋاقتىنى سورىۋالاي، دېگەن يەرگە كېلىپ:

— توختاڭلار، مېنىڭ قېشىمغا كېلىڭلار، — دېگەنىكەن، دىۋىلەر پادىشاھى ئابدۇللانىڭ ئالدىغا كېلىپ قول باغلاپ تۇرۇپتۇ.

— ئەمدى كەتسەڭلار، قاچان كېلىسىلەر؟ — دەپ سوراپتۇ ئابدۇللا. دىۋىلەر پادىشاھى جاۋاب بېرىپ:

— ئەي ئابدۇللا غوجام، قولىرىدىكى ئۇ چىراغقا جاھاندىكى دىۋىلەرنىڭ جېنى بەند قىلىنغان. بىز ئۆزلىرىگە لازىم بولغاندا چىراغنى قاتتىق سىلكىسىلە، خىزمەتلىرىگە تەييار بولىمىز، — دەپتۇ.

— بولدى، قايتىپ كېتىڭلار، — دەپ ئۇلارنى قايتۇرۇۋېتىپتۇ ئابدۇللا.

شۇنىڭدىن باشلاپ ئابدۇللا ئەڭ چوڭ بايغا ئايلىنىپتۇ، ئەل - ئاغىنىلىرى كۆپىيىپتۇ، ئەل ئىچىدە ئىناۋىتى ئۆسۈپ، شۆھرەت قازىنىپتۇ.

ئۇ كۆنلەرنىڭ بىرىدە ئاغىنىلىرى بىلەن كوچىلارنى ئايلىنىپ، سەيلە ـ تاماشا قىلىپ يۈرۈپ، قىرىق قەۋەتلىك ئىمارەتنىڭ ئۈستىدە تۇرغان بىر قىزغا كۆزى چۈشۈپ، ئۇنىڭغا ئاشىق بىقارار بوپتۇ. شۇ كۈندىن باشلاپ چىرايلىرى سارغىيىپ كېتىلىدىن غىزا ئۆتمەيدىغان بوپتۇ. ئابدۇللانىڭ ئانىسى ئوغلىنىڭ بۇ ھالىتىنى كۆرۈپ:

— نېمە بولدۇڭ؟ كۆڭلۈڭدىكىنى ماڭا دېگىن، مەن بىر ئىلاجىنى قىلاي، — دەپتۇ. ئابدۇللا بولغان ئىشنى ئانىسىغا دەپتۇ ۋە ئۆزىنىڭ شۇ قىزنى ئالغۇسى بارلىقىنى بىلدۈرۈپتۇ. ئانىسى قورققانلىقتىن تىترەپ، ئايلىنىپ يىقىلىپتۇ. بىرھازادىن كېيىن كۆزىنى ئاچسا، ئوغلى بېشىدا ئولتۇرغۇدەك. ئانا ھوشىغا كەلگەندىن كېيىن:

— ئوغلۇم، بۇ نىيىتىڭدىن ياندىن. ئۇ دېگەن شاھنىڭ قىزى، مەن دېگەن بىر تۇل خوتۇن تۇرسام، بىز كەمبەغەل تۇرساق، پادىشاھ بىزگە قانداقمۇ قىزىنى بېرىپ سېنى كۈيئوغۇل قىلىۋالسۇن؟ ! مەن ساڭا ئۆز لايىقىمىزدا بىرىنى تېپىپ ئېلىپ بېرەي. بويىمىز يەتمىگەن شاپتۇلغا قول ئۇزاتمايلى، پادىشاھنىڭ غەزىپىنى قوزغاپ قويۇپ، بېشىمىزدىن ئايرىلىپ قالمايلى، — دەپتۇ، لېكىن ئابدۇللا قايىل بولماپتۇ.

— ئەگەر ماڭا پادىشاھنىڭ قىزىنى ئېلىپ بەرمىسىڭىز، مەن يىراق يەرگە كېتىمەن ياكى ئۆزۈمنى قۇدۇققا تاشلاپ ئۆلۈۋالىمەن، — دەپ تۇرۇۋاپتۇ ئابدۇللا. ئانا نائىلاج ماقۇل بولۇپ، ئەلچىلىككە بارماقچى بوپتۇ. بىراق، ئانىسىنىڭ ئەلچىلىككە كىيىپ بارغۇدەك نە كىيىم، نە ئارقىسىغا سېلىپ بارغۇدەك كېنىزەكلىرى يوق ئىكەن. ئانىسىنىڭ بېشى راسا قېتىپ تۇرغاندا، ئابدۇللا كىرىپ:

— تەييار بولدىڭىزمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— تەييار بولدۇم، — دېيىشىگىلا، كۆزنى قاماشتۇرغۇدەك ئۈنچە - مەرۋايىت، تاۋار - دۇردۇنلار بىلەن زىننەتلەنگەن قىرىق قىز ئابدۇللانىڭ ئانىسىنىڭ ئالدىغا كېلىپ تەزىم بەجا كەلتۈرگەندىن كېيىن، ئابدۇللانىڭ ئانىسىنى جابدۇپتۇ. ئانا قىرىق قىزنىڭ ئوتتۇرىسىدا يېنىپ تۇرغان چىراغدەك نۇر چېچىپتۇ. ئانا قىرىق قىزنىڭ ھەمراھلىقىدا ھويلىغا چىقسا، ئوخشاش ياسانغان سەكسەن قىز گۆھەر بىلەن توشقۇزۇلغان سەكسەن جۈپ ئالتۇن جامنى تۇتۇپ تەزىم بەجا كەلتۈرۈپ تۇرغۇدەك. ئانىنىڭ ئالدىدا يىگىرمە جۈپ، كەينىدە يىگىرمە جۈپ قىز مېڭىپتۇ. يىگىرمە جۈپ قىز ئابدۇللانىڭ ئانىسىنى ئارىغا ئېلىپ ئوردىغا كىرىپ كەپتۇ. ئۇلار پادىشاھنىڭ قىزىغا ئەلچىلىككە كەلگەنلىكىنى، بۇ خەۋەرنى پادىشاھقا يەتكۈزۈشنى ئېيتىپتۇ. پادىشاھنىڭ ئاتارمەن - چاپارمەنلىرى ئاتمىش جۈپ قىزنىڭ ھەمراھلىقىدا كەلگەن ئابدۇللانىڭ ئانىسىنى كۆرۈپ ئەس - ھوشلىرىنى يوقىتىپتۇ، گاھىبىرلىرى ئورنىدىنمۇ تۇرالماپتۇ. پادىشاھقا ئەھۋالنى مەلۇم قىلغاندىن كېيىن، پادىشاھنىڭ ئىنتايىن ئاچچىقى كەپتۇ، غەزەپلەنگەنلىكتىن بۇرۇتلىرى تىترەپ، ساقاللىرى تىك تۇرۇپتۇ.

— جاللات! — دەپ ۋارقىراپتۇ پادىشاھ. كۆزلىرى قانغا تولغان قىرىق جاللات ھازىر بوپتۇ.

— تۇل خوتۇن تۇتۇپ كېلىنىپ، بالىسى بىلەن بىللە دارغا ئېسىلسۇن! — دەپتۇ پادىشاھ. جاللاتلار «خوپ» دېيىشىپ مېڭىشىغىلا، پادىشاھنىڭ بىر ئوڭ قول ۋەزىرى بار ئىكەن، ئۇ ئەقىل - پاراسەتتە كامالەتكە يەتكەن، ئاق كۆڭۈل ئادەم ئىكەن، ئۇ ئوتتۇرىغا چىقىپ:

— ئەي كېرەملىك شاھىم، يەڭگىللىك قىلمىساق، سەۋەبسىز قان تۆكۈلمىسە، بۇ خوتۇننىڭ قىزلىرىغا ئەلچى بولۇپ

كېلىشىدە بىر سەۋەب بارەدەك قىلىدۇ. قولىدىن ئىش كەلمە-
سە، ئەلچى بولۇپ كېلىشكە پېتىنالمايتتى. شۇڭا، قىلالمايدى-
غان ئەڭ قىيىن ئىشتىن بىرنى شەرت قىلساق، شەرتنى ئادا
قىلالمىسا، ئانا ـ بالا دارغا ئېسىلىپ قەتل قىلىنسا، پۈتۈن
مال ـ مۈلكى خەزىنە ئىختىيارىغا ئېلىنسا، ــ دەپ مەسلىھەت
بېرىپتۇ. ۋەزىرنىڭ مەسلىھەتى پادىشاھقا يېقىپتۇ.
ــ خوپ، ئۇنداق بولسا، قانداق شەرت قويىمىز؟ ــ دەپتۇ پادى-
شاھ. ۋەزىر ئۇيان ئويلاپ ـ بۇيان ئويلاپ بىر ئەقىل تېپىپتۇ ـ دە:
ــ شەھىرىمىز شۇنچە چوڭ، چەت مەملىكەتلەردىن كېلىپ ـ
كېتىدىغان سودىگەر، ساياھەتچىلەر، يار ـ بۇرادەرلەرمۇ ناھايىتى
كۆپ. ئۇلارنىڭ ئۆتىدىغان يولىدا سازلىق بار، سېسىقچىلىقتىن
ئادەمنى تولىمۇ يىرگەندۈرىدۇ. شۇ سازلىقنى تۈزلەپ، پاسكىنا
سۇلارنى چىقىرىۋېتىپ، پاكىز توپا بىلەن توشقۇزۇپ، شۇ يەرگە
ئالتۇن بىلەن قىرىق قەۋەتلىك ئىمارەت سالسۇن، پۈتۈن دۇنيا-
نىڭ ئەڭ ئېسىل ھۈنەر ـ سەنئىتىنى ئىشلەتسۇن، ھەرقانداق
مەملىكەتتىن ئادەم كەلسە كۆرۈپ ھەيران قالسۇن. يەنە بىر باغ
ياسىسۇن، باغنىڭ تاملىرى پۈتۈنلەي ئالتۇندىن بولسۇن، باغنىڭ
ئىچىگە شامالدىن باشقا ھېچ نەرسە كىرەلمىسۇن. باغنىڭ ئىچى-
گە دۇنيادىكى بارلىق ھايۋاناتتىن بىر جۈپتىن رېتى بويىچە ئو-
رۇنلاشتۇرۇلسۇن، دۇنيادىكى بارلىق گۈل ـ گىياھ، شېرىن مې-
ۋىلىك دەرەخلەر تىكىلىپ، ئۇلارنىڭ مېۋىلىرى مەي باغلاپ
تۇرسۇن. بۇ شەرتنى ئادا قىلالىسا، مەلىكىنى بېرەيلى. ئادا
قىلالمىسا، ئاندىن ئەھۋالغا قاراپ ئىش كۆرسەك بولارمىكىن،
شاھىم، ــ دەپ تەزىم بەجا كەلتۈرۈپتۇ. بۇ شەرت پادىشاھقا يې-
قىپتۇ. پادىشاھ تۆل خوتۇنغا شەرتلەرنى ئېيتىپتۇ ۋە:
ــ دەرھال ئوغلۇڭغا شەرتىمنى يەتكۈز، ئون كۈن ئىچىدە
شەرتىمنى ئادا قىلسۇن. شەرتىمنى ئادا قىلمىسا، ئوغلۇڭ بى-


لەن قوشۇپ بېشىڭنى ئالىمەن! — دەپتۇ. ئانا پادىشاھنىڭ بۇيرۇقىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن بېشىدىن بىر قاپاق سوغۇق سۇ قۇيغاندەك ئەندىكىپتۇ - دە، ئۆيىگە كېلىپ:

— ۋاي ئوغلۇم، ئەمدى قانداق قىلارمىز؟! مەن تۇل خوتۇن تۇرسام، سەن يالغۇز ئوغۇل تۇرساڭ، بىزنىڭ ئالتۇن - كۈمۈشىمىز بولمىسا، ئەمدى ئانا - بالا ئىككىمىزنىڭ ئەجىلى توشۇپتۇ. ئون كۈندىن كېيىن ئۆلىدىغان بولدۇق، — دەپ ئابدۇللاغا ئۆزىنى ئېتىپتۇ. ئابدۇللا بۇ گەپنى ئاڭلاپ كۈلۈپ كېتىپتۇ. بۇنى كۆرگەن ئانا ئەرۋاھى ئۇچۇپ:

— نېمىگە كۈلىسەن؟ «قاسساپ ياغ قايغۇسىدا، ئۆچكە جان قايغۇسىدا» دېگەندەك ئىش بولۇۋاتسا، — دەپتۇ. ئابدۇللا:

— خاتىرجەم بولۇڭ، ئانا، بۇ شەرتنى مەن چوقۇم ئورۇندايمەن، — دەپ سىرتقا چىقسا، ئاتمىش جۈپ قىز تەزىم قىلىپ تۇرغۇدەك.

— سىلەر دەرھال قايتىپ كېتىپ، چاقىرتقاندا كېلىڭلار، — دەپ ئىجازەت بېرىپتۇ ئابدۇللا. شۇ كۈندىن باشلاپ ئابدۇللا



هېچ ئىش بىلەن كارى بولماي ئۆز ئۆيىنى بىلەن مەشغۇل بوپتۇ. بىر كۈن، ئىككى كۈن، بەش كۈن، ئالتە كۈن ئۆتۈپ-تۇ، ئابدۇللا بەخىرامان يۈرۈۋېرىپتۇ، ئانىنىڭ كۆزىنىڭ ياشلىرى قۇرۇماپتۇ، يىغلاۋېرىپ قاپاقلىرى ئىششىپ كېتىپتۇ. ئۇنىڭغا ئابدۇللا پىسەنت قىلماپتۇ. سەككىزىنچى كۈن ئۆتۈپ، توققۇزىنچى كۈنىمۇ تاڭ ئېتىپتۇ.

— ئوغلۇم، ئەمدى قانداق قىلىمىز؟ ئەتە تاڭ ئاتسا، ئىككىمىز ئۆلىمىز، — دەپتۇ.

— خاتىرجەم بولۇڭ، ئانا، شەرتنى ئادا قىلىمەن، — دەپتۇ ئابدۇللا.

نامازشام بولغاندا ئابدۇللا چىراغ بىلەن ئۈزۈكنى ئېلىپ شەھەرنىڭ سىرتىغا چىقىپ ئىمارەت سالىدىغان جايغا بېرىپ، ئۈزۈك سالغان قولىنى سىلكىگەنىكەن، دۇنيادىكى جىنلارنىڭ ھەممىسى كېلىپ تەزىم قىلىپ تۇرۇپتۇ. چىراغنى پۇلاڭلاتقاندىكەن، بارلىق دىۋىلەرنىڭ ھەممىسى كېلىپ تەزىم قىلىپ، خىزمەت كۈتۈپ تۇرۇپتۇ. ئابدۇللا پادىشاھ قويغان شەرتلەرنى ئۇلارغا بايان قىلىپ، ئىمارەتنى تاڭ ئېتىشتىن ئىلگىرى پۈتكۈزۈپ بولۇشنى تاپىلاپتۇ. جىن ۋە دىۋىلەرنىڭ پادىشاھلىرى ئىشنى تاپشۇرۇۋېلىپ، قول ئاستىدىكىلەرگە ئورۇنلاشتۇرۇۋېتىپتۇ. كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە بولغان ئارىلىقتا ئىش باشلىنىپتۇ. سىپسىق پاتقاقلار ئاللىقاياقلارغا تاشلىنىپ، ئەگ مۇنبەت تۇپىلار بىلەن توشقۇزۇلۇپ، ئىمارەت ئورنى ۋە باغ ئورنى ئۆز لايىقىدا تەييارلىنىپتۇ. بىر كېچە پۈتۈن شەھەردە قاينام - تاشقىنلىق ھۆكۈم سۈرۈپتۇ. جىنلارنىڭ، دىۋىلەرنىڭ گۈلدۈرلەپ ئۇچۇشلىرى، تۆمۈرچىلەرنىڭ بازغان سوققان ئاۋازلىرى، كەتمەن - گۈرجەكلەرنىڭ بىر - بىرىگە ئۇرۇلۇشلىرى توختىماپتۇ. شەھەر خەلقىمۇ بۇ گۈلدۈر - قاراس ئاۋازدىن زادىلا ئۇخلىيالماپتۇ. تاڭ ئا-

تارغا يېقىن ئالتۇن ئىمارەت ۋە ئالتۇن باغ پۈتۈپتۇ، پادىشاھنىڭ دېگىنىدىن ئون ھەسسە ئارتۇق ياسىلىپتۇ. ئىمارەت پۈتكەندىن كېيىن جىن ۋە دىۋىلەرنىڭ پادىشاھلىرى ئابدۇللانىڭ ئالدىغا كېلىپ، ئىمارەتنى ۋە باغنى كۆرۈپ بېقىشنى ئېيتىپتۇ. ئابدۇللا دىۋە - پەرىلەر بىلەن بىرلىكتە ئايلىنىپ ھەممىنى كۆرۈپتۇ. دىۋىلەر ئىمارەتنىڭ ئالدىدىكى لەمپىنىڭ قويمىسا بولمايدىغان بىر تۈۋرۈكنى قەستەن قويمىغانىكەن، ئۆزۈنلۈقى ئۈچ گەز، ئايلانمىسى ئۈچ غېرىچ كېلىدىغان بۇ ئالتۇن تۈۋرۈكنى قويمىسا، لەمپە ئۆزۈن چىداشلىق بېرەلمەيدىكەن. دىۋىلەر پادىشاھى ئوتتۇرىغا چىقىپ:

— ئەي ئابدۇللا غوجام، بۇ تۈۋرۈكنى قويمىساق، لەمپە ئۇزۇن چىدىمايدۇ، بۇنى ھامان قويىمىز، پەقەت پادىشاھنى سىناپ بېقىش ئۈچۈنلا قويمىدۇق، — دەپتۇ. ئاندىن باغنى ئايلىنىپتۇ، باغ ناھايىتى ئېسىل، كۆركەم ياسالغان. دۇنيادىكى بارلىق گۈل - گىياھلار رېتى بويىچە تىكىلىپ، ھەممىسى ئېچىلىپ خۇش پۇراق چېچىپ تۇرغان. ھايۋاناتنىڭ ھەممىسى جۈپ - جۈپتىن رەتلىك ھالدا ئالتۇن قەپەسلەرگە سولانغان. باغ پادىشاھ ئېيتقاندىن يۈز ھەسسە ئارتۇق كۆركەم ياسالغان، بىراق بىر جۈپ يولۋاس كەلتۈرۈلمىگەنىكەن.

— يولۋاسنى ئەكەلمەپسىلەر؟ — دەپتۇ ئابدۇللا.

— بۇنى پادىشاھقا قالدۇردۇق، سىناپ كۆرسەك، — دەپتۇ دىۋىلەر پادىشاھى.

پادىشاھ ئەتىگەن كۈن چىقىشى بىلەنلا ئورنىدىن تۇرۇپ ئوردىسىغا چىقسا، پۈتۈن ئەتراپ ئوت دېگىزىغا ئايلانغاندەك قىزىرىپ كەتكەن. پادىشاھ قورقۇپ كېتىپ، ئوڭ قول، سول قول ۋەزىرلىرىنى، ئاتارمەن - چاپارمەنلىرىنىڭ ھەممىسىنى يىغىپتۇ، «بۇ نېمە ئەھۋال؟» دەپ سوراپتۇ. ۋەزىر:

— ئەي كىرەملىك شاھىم، ھېلىقى تۇل خوتۇننىڭ بالىسى ئالتۇندىن ياسىغان ئىمارەت ۋە باغنىڭ شولىسى ئىكەن، خاتىر-جەم بولسىلا، — دەپتۇ. پادىشاھنىڭ ئىمارەتنى ۋە باغنى كۆر-گۈسى كېلىپ تۇرالماي كېتىپتۇ، پۈتۈن ۋەزىر - ۋۇزرالىرىنى ئەگەشتۈرۈپ كۆرۈش ئۈچۈن بېرىپتۇ. پادىشاھ ئالدى بىلەن قى-رىق قەۋەتلىك ئىمارەتنى كۆرۈپتۇ، تولىمۇ كۆركەم، نەپىس ھۈ-نەر - سەنئەتلەر ئىشلىتىلىپ ياسالغان بۇ ئىمارەت پادىشاھقا ئىنتايىن يېقىپتۇ. بىراق، پادىشاھ لەمپىنىڭ بىر يېرىدە يې-تەرسىزلىك بارلىقىنى سېزىپتۇ، لېكىن زادىلا تاپالماپتۇ، بىر-نەچچە قېتىم ئايلىنىپتۇ، ئاخىر لەمپىگە قارىغىنىچە ئويلىنىپ تۇرۇپ قاپتۇ، بۇنى كۆرگەن ۋەزىر يۈگۈرۈپ كېلىپ:

— ئەي كىرەملىك شاھىم، نېمىگە ئويلىنىپ قالدىلە-كىن؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ئەي ۋەزىر، لەمپىدە بىر كەمچىلىكنىڭ بارلىقىنى ھېس قىلدىم، بىراق زادىلا تاپالمىدىم، — دەپتۇ پادىشاھ. ۋەزىرمۇ زەن سېلىپ قاراپتۇ. ئاخىر ۋەزىر تېپىپتۇ:

— ئەي پادىشاھىئالەم، مانا بۇ جايغا بىر دانە تۇۋرۇك قو-يۇلماپتۇ، بۇ تۇۋرۇكنى قويمىساق، لەمپە ئۇزۇن قالماي يىقىلىپ چۈشىدۇ، — دەپتۇ. ئابدۇللا: «دەرھال تۇۋرۇكنى قويۇۋېتەي» دەپتۇ. ئابدۇللاغا قايىل بولغان پادىشاھ: «بولدى، مەن خەزىنىدى-كى ئالتۇنلار بىلەن بىر دانە ئالتۇن تۇۋرۇك سوقتۇرۇپ قويۇۋې-تەي» دەپ، پۈتۈن قول ئاستىدىكى ھۈنەرۋەنلەرنى يىغىپ خەزىنى-دىكى ئالتۇندىن تۇۋرۇك ياساشقا بۇيرۇق چۈشۈرۈپتۇ. شۇ كۈنلا ئىش باشلىنىپتۇ. خەزىنىدىكى ئالتۇنلارنىڭ ھەممىسىنى ئاچىد-قىپ ئىشلىتىپتۇ، خەزىنىدىكى ئالتۇنلارمۇ تۈگەپتۇ، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ئالتۇنلارنىڭ ھەممىسىنى يىغىشقا بۇيرۇق چۈ-شۈرۈپتۇ. كۈنلەر، ھەپتىلەر ئۆتۈپتۇ، تۇۋرۇكنىڭ ئېگىزلىكى

بەلدىن ئاشماپتۇ. پادىشاھنىڭ ئىلكىدىكى جايلارنىڭ ئالتۇنلىرىنىڭ ھەممىسى تۈگەپتۇ. پادىشاھ ئۈزۈم ياساي دېگىنىگە پۇشايمان قىپتۇ. بۇنى سەزگەن ئابدۇللا:

— ئەي پادىشاھىم، ئىجازەت بەرسىلە، تۈۋرۈكنى ئۈزۈم قويسام، — دېگەنىكەن، غەمدە قالغان پادىشاھقا بۇ گەپ يېقىپتۇ - دە، ئىجازەت بېرىپتۇ.

پادىشاھ باغقا كىرىپتۇ. باغدا رەتلىك ئېلىنغان ئېرىقلاردا سۈزۈك سۇلار شىرىلداپ ئېقىۋاتقان، مېۋىلەر پىشىپ مەي باغلىغان، گۈللەر ھۆپپىدە ئېچىلىپ خۇش پۇراق چېچىۋاتقان، بۇلبۇللار سايراۋاتقان، دۇنيادىكى ھەممە ھايۋانلار بىر جۈپتىن رېتى بويىچە ئالتۇن قەپەسكە سولانغان، بىراق بىر جۈپ يولۋاسنىڭ ئالتۇن قەپىسى ياسالغانۇ، يولۋاس كەلتۈرۈلمىگەنىكەن. پادىشاھ يولۋاسنى ئۆزى ئەكېلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپتۇ. شۇ كۈنى پالۋانلىرىغا زەخمىلەندۈرمىگەن شەرت ئاستىدا بىر جۈپ يولۋاس تۇتۇپ كېلىشنى بۇيرۇپتۇ. ئون ئاتلىق پالۋان بىر جۈپ يولۋاسنى تۇتۇپ كېلىشكە ئاتلىنىپتۇ. ئۇلار يولۋاس بار تاغقا بېرىپ سەككىزى يولۋاسقا يەم بوپتۇ، ئىككىسى جېنىنى ئېلىپ ئوردىغا ئاران دېگەندە قېچىپ كەپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان پادىشاھ غەزەپلىنىپ ئەللىك ئاتلىق ماڭدۇرۇپتۇ. ئۇلارمۇ يولۋاسنى تۇتالماي تەڭدىن تولىسى يولۋاسقا يەم بولۇپ كېتىپتۇ. ئارقىدىن يەنە يۈز ئاتلىق پالۋاننى ئەۋەتىپتۇ ۋە: «يولۋاسنى تۇتماي قايتىپ كېلىشمە» دەپ بۇيرۇق قىپتۇ. بۇ يۈز پالۋانمۇ يولۋاسنى تۇتالماپتۇ. پادىشاھ قاتتىق غەم - قايغۇغا چۈشۈپتۇ. بۇنى سەزگەن ئابدۇللا ئوردىغا كېلىپ:

— ئەي شاھ ئاتا، بىر جۈپ يولۋاسنى مەن تۇتۇپ كېلەي، — دېگەنىكەن، قېرى كالىغا پىچاق خۇشياققاندەك، بۇ گەپ پادى-

شاھقا تولىمۇ خۇشىيېقىپتۇ ۋە ئىجازەت بېرىپتۇ. ئابدۇللا ئۆ-زى سالغان ئىمارەتكە بېرىپ چىراغنى شۇنداق يورۇۋاتقانـ-كەن، بىردەمدىلا ھاۋا گۈلدۈرلەپ، بۇلۇتلار ئۇچۇۋېتىپ، قاتتىق يامغۇر يېغىپتۇ، ئارقىدىن قاتتىق بوران چىقىپ، جاھان قاراڭغۇلىشىپتۇ. پارچە – پارچە بۇلۇتلار يەرگە چۈشۈپ، بې-شى ئاسمانغا تاقىشىدىغان دىۋىلەرگە ئايلىنىپ رەتلىك تىزد-لىپ تۇرۇپتۇ. ئاردىن دىۋىلەر پادىشاھى چىقىپ ئابدۇللانىڭ ئالدىغا كېلىپ تەزىم بەجا كەلتۈرگەندىن كېيىن: «قانداق خىزمەتلىرى بارئىكەن؟» دەپ سوراپتۇ.

— دەرھال تۆۋرۆكنى قويۇۋېتىڭلار، بىر جۈپ يولۋاس تۇتۇپ كېلىپ، ئالتۇن قەپەسكە سولاڭلار، — دەپتۇ ئابدۇللا. دىۋىلەر كۆزنى يۇمۇپ – ئاچقۇچە بىر جۈپ يولۋاسنى تۇتۇپ كېلىپ قەپەسكە سولاپتۇ ھەم ئالتۇن تۆۋرۆكنى ياساپ ئورنىـ-غا قويۇپتۇ. پادىشاھنىڭ ياساتتۇرغان ئالتۇن تۆۋرۆكىنى ئۆ-زىگە قايتۇرۇپ بېرىپتۇ.

پادىشاھ ئابدۇللانىڭ بۇ ئىشىغا قايىل بولۇپ، مەلىكىنى بەرمەكچى بوپتۇ. بىراق: «توي بولغان كۈنى ئالتۇن – كۈمۈش، ئۈنچە – مەرۋايىتلار بىلەن زىننەتلەنگەن قىرىق كىنىزەك ئانـ-گىزنى ئارىغا ئېلىپ كەلسۇن» دەپ شەرت قويۇپتۇ. بىر ھەپـ-تىدىن كېيىن توينى قىلماقچى بوپتۇ. ئاردىن بىر ھەپتە ئۆتۈپ توي مەرىكىسىنى باشلاپتۇ. پادىشاھ ئۆز تەۋەسىدىكى پۈتۈن خەلقنى چاقىرىپتۇ، قوشنا دۆلەتلەردىكى پادىشاھلارنى، شاھزادە، مەلىكىلەرنى تەكلىپ قىپتۇ. ھەرقايسى ئەللەردىن كىشىلەر كېلىشكە باشلاپتۇ. توي مەرىكىسى تازا قىزىپ ئەۋ-جىگە چىققاندا، توي ئەھلى ئاي دېسە ئاغزى بار، كۈن دېسە كۆزى بار، ئاجايىپ زىبۇزىننەتلەر بىلەن زىننەتلەنگەن كى-يىملەرنى كىيگەن، سەكسەن جۈپ ئاي يۈزلۈك پەرى مۇھاپـ-

ـزەت قىلىپ ئارىغا ئېلىپ كەلگەن بىر ساھىبجامالنى كۆرۈپ ھەيران قېلىشىپتۇ. توي ئەھلى داقا ـ دۇمباق، كاناي ـ سۇ ـ نايلارنى چېلىشىپ قارشى ئالغىلى چىقىپتۇ، قارىسا، ئابدۇللا ـ نىڭ ئانىسى ئىكەن. شۇنداق قىلىپ، قىرىق كېچە ـ كۈندۈز توي مەرىكىسى ئاياغلاشقاندا، ئابدۇللا بىلەن مەلىكىنى ئابدۇللا سالغان قىرىق قەۋەتلىك ئىمارەتكە ئەكىرىپ ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇپتۇ.

ئابدۇللا مەلىكە بىلەن تۇرمۇشىنى خۇشال ـ خۇرام ئۆتكۈزۈشكە باشلاپتۇ. كۈنلەر، ئايلار ئۆتۈپتۇ. ئابدۇللا بوش ۋاقتىنى شىكارغا چىقىش، ئەل ـ ئاغىنىلىرى بىلەن ئويناش بىلەن ئۆتكۈزۈپتۇ.

ئەلقىسسە: كۈنلەرنىڭ بىرىدە ھېلىقى جادۇگەر كىتابىنى ئوقۇپ بىر يەرگە كەلگەندە، ئابدۇللانىڭ ئەھۋالى بايان قىلىنـ ـغان قۇرلارغا كۆزى چۈشۈپتۇ. بۇنى ئوقۇغان جادۇگەرنىڭ قۇيقا چاچلىرى تىك تۇرۇپتۇ، غەزىپى قايناپ تېشىپتۇ. «خەپ، ئەدىپىڭـ ـنى بەرمىسەم» دەپ يولغا راۋان بوپتۇ. بىرنەچچە يىللىق يولنى بىرنەچچە كۈندىلا بېسىپ ئابدۇللانىڭ شەھىرىگە كەپتۇ. قارىسا، ئابدۇللا ئۆز تەڭتۇشلىرى بىلەن ئويناپ يۈرگۈدەك، مەلىكە زېرىـ ـكىپ، كۈندە دېگۈدەك قىرىقىنچى قەۋەتكە چىقىپ شەھەرنى تاماشا قىلىپ ئولتۇرغۇدەك. بۇنى كۆرگەن جادۇگەرنىڭ كۆڭلىگە بىر ئەـ ـقىل كەپتۇ ـ دە، شەھەرنىڭ بىر چېتىگە چىقىپ مىستىن بىر دانە چىراغ ياساپتۇ، ئاندىن دىۋانىنىڭ سۈرىتىگە كىرىۋېلىپ شەھەرگە كەپتۇ. دەل مەلىكە ئولتۇرغان يەرنىڭ ئۇدۇلىغا كەلگەندە، قوينىدىن ھېلىقى مىستىن ياسالغان چىراغنى ئېـ ـلىپ ئېگىز كۆتۈرۈپ: «ئەي خالايىق، ئاڭلاڭلار، بۇ يېڭى چىراغنى كونا چىراغقا تېگىشىمەن، كىمنىڭ كونا چىرىغى بولسا تېگىشىۋالسۇن» دەپ جېنىنىڭ بارىچە ۋارقىراشقا باشلاپتۇ. ئابدۇللا ھېلىقى خاسىيەتلىك چىراغنى ئۆيىنىڭ بۇـ

لۇڭغا تاشلاپ قويغانىكەن. ئۇ چىراغ مەلىكىنىڭ ئۆيىگە كېلىپ، كېنىزەكتىن بىرىگە: «كونا چىراغنى يېڭى چىراغقا تېگىشىپ ئەكىرىڭلار» دەپ بۇيرۇپتۇ. كېنىزەك يېقىنىپ چىراغنى تېگىشىپتۇ. جادۇگەر سىرلىق چىراغنى ئېلىپ شەھەرنىڭ سىرتىدىكى بىر خىلۋەت جايغا چىقىپ پۇلاڭلاتقانىكەن، كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە دۇنيادىكى دىۋىلەرنىڭ ھەممىسى كېلىپ تەزىم قىلىپ: «نېمە خىزمەتلىرى بارئىكىن، غوجام؟» دەپ قول باغلاپ تۇرۇپتۇ.

— سىلەر دەرھال بۇ ئىمارەتنى ۋە باغۋاران، ھايۋانلارنى مەلىكە بىلەن قوشۇپ مېنىڭ يۇرتۇمغا ئاپىرىڭلار، — دەپ بۇيرۇق قىپتۇ جادۇگەر. دىۋىلەر ئىمارەتنى، باغنى كۆتۈرۈپ ئەكېتىپتۇ. يەنە بۇرۇنقى سېسىق سازلىقلا قاپتۇ. بۇ چاغدا ئابدۇللا شىكارغا چىقىپ كەتكەنىكەن. ئەتىسى ئەتىگەندە پادىشاھ ئورنىدىن تۇرۇپ ھويلىغا چىقسا، پارقىراپ تۇرغان نۇرلار كۆرۈنمەپتۇ، ھەيۋەتلىك ئالتۇن شەھەرمۇ كۆرۈنمەپتۇ. پادىشاھ دەرھال ئۇلۇغ ۋەزىرنى چاقىرىپ سوراپتۇ. قورقۇپ تىترەپ كەتكەن ۋەزىر:

— ئەي پادىشاھىم، مەن ئابدۇللانى ئەسلىدە جادۇگەرمىكىن، دەپ ئويلىغانىدىم، ئۇ راست جادۇگەر ئىكەن. ئالتۇن ئىمارەت بىلەن مەلىكىنى ئېلىپ قېچىپتۇ. بۇ جادۇگەرنى دەرھال تۇتۇۋالايلى، — دەپ مەسلىھەت بېرىپتۇ. پادىشاھ ئاتارمەن ـ چاپارمەنلەرنى ئابدۇللانى تۇتۇشقا بۇيرۇپتۇ. ھېچ نەرسىدىن خەۋەرسىز ئابدۇللا خاتىرجەم ھالدا شىكاردىن قايتىپ كېلىۋاتسا، پادىشاھنىڭ ئادەملىرى ئۇنى تۇتۇپ باغلاپ، پادىشاھنىڭ ئالدىغا ھازىر قىپتۇ. غەزەپلەنگەن پادىشاھ:

— بەتبەخت، ئالۋاستى، قىزىمنى قەيەرگە ئاپاردىڭ؟ دەرھال تاپقىن، — دەپتۇ. ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقان ئابدۇللا ئىشنىڭ

تېگىگە يېتىپتۇ. بۇ ھېلىقى جادۇگەرنىڭ ئىشى ئىكەنلىكىنى بىلىپتۇ ـ دە، دەرھال پادىشاھقا: «ماڭا بەش كۈنلۈك مۆھلەت بېرىلسە، تېپىپ كەلسەم» دەپتۇ. پادىشاھ ماقۇل بوپتۇ. ئابدۇللانىڭ قولىدا ھېلىقى ئۈزۈك بار ئىكەن، ئۈيىگە بېرىپ ئۈزۈكنى قاتتىق سىلىكىگەنىكەن، دۇنيادىكى جىنلارنىڭ ھەممىسى ئابدۇللانىڭ ئالدىغا كېلىپ: «نېمە خىزمەتلىرى بار ئىكەن؟» دەپ قول باغلاپ تۇرۇپتۇ. ئابدۇللا:

— ئالتۇن ئىمارەت بىلەن مەلىكىنى ۋە ھايۋانات بىلەن باغنى قەيەرگە ئاپىرىشتىڭ؟ دەرھال ئۆز ئورنىغا ئەكېلىپ قويۇش، — دەپتۇ. جىنلار يالۋۇرۇشۇپ:

— بۇ بىزنىڭ قولىمىزدىن كەلمەيدۇ. قوللىرىدىكى ئۈزۈككە بىزنىڭ جېنىمىز بەندىلەكلىك، بىز لازىم بولغاندا ئۈزۈكنى سىلىكىسىلە، خىزمەتلىرىگە تەييار بولىمىز. سىلىنىڭ قوللىرىدىكى ھېلىقى كونا چىراغقا دۇنيادىكى بارلىق دىۋىلەرنىڭ جېنى بەندىلەكلىك. بۇ دىۋىلەرنىڭ ئىشى. بىزنىڭ دىۋىلەرگە كۈچىمىز يەتمەيدۇ، — دېيىشىپتۇ.

— ئۇنداق بولسا، مېنى كۆتۈرۈپ دەرھال شەھرى بېسىرغا ئاپىرىڭلار، — دەپتۇ ئابدۇللا. جىنلار ئابدۇللانى كۆتۈرۈپ بىردەمدىلا شەھرى بېسىرغا ئاپىرىپتۇ. ئابدۇللا شۇنداق قارىسا، پۈتۈن بېسىر شەھرى ئوت كەتكەندەك نۇرلۇق تۇسكە كىرگەنىكەن. شەھەر سىرتىدىكى ئالتۇن ئىمارەتنىڭ قىرىقىنچى قەۋىتىدە مەلىكىنىڭ ئۆز شەھرى تەرەپكە قاراپ ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپتۇ. ئابدۇللا ھەرقانچە قىلىپمۇ بۇ ئىمارەتنىڭ ئىشىكىنى ئاچالماپتۇ. ئەتىسى ئەتىگەندە كېلىپ ئىمارەتنى ئايلىنىپ يۈرسە، جادۇگەر جابدۇنۇپ شىكارغا مېڭىپتۇ. بۇنى كۆرگەن ئابدۇللا پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ ئىمارەتنىڭ ئىچىگە كىرىپ، مەلىكىنىڭ قېشىغا چىقىپتۇ. مەلىكە ئابدۇللاغا ئۆزىنى ئېتىپ

هوشىدىن كېتىپتۇ. كېيىن هوشىغا كېلىپ:

— تېزرەك ئامال تېپىڭ، جادۇگەر مېنى ئۆز ئەمرىگە ئېلىش ئۈچۈن قىلمىغان چارىلىرى قالمىدى. بۈگۈن ئۇنىڭ ئىرادىسىگە بويسۇنمىسام، ئۆلتۈرمەكچى بولدى، — دەپتۇ.

— ئۇنداق بولسا، — دەپتۇ ئابدۇللا، — بۈگۈن كەچتە جادۇگەر كەلسە، ئالدىغا چىقىڭ، خۇشاللىق بىلەن قارشى ئېلىڭ، «مەن سىنىڭ ئىرادەڭگە بويسۇندۇم، سىنىڭ دېگىنىڭ بويىچە ئىش كۆرىمەن. ئەمدى ئابدۇللا بۇ يەرگە كېلەلمەيدۇ، كەلسىمۇ ئۇنىڭغا زادى قارىمايمەن. نەچچە كۈندىن بېرى سىنىڭ گېپىڭگە ئۇنىماي كۆڭلۈڭنى رەنجىتتىم، مېنى ئەپۇ قىلغىن. بۈگۈن ساڭا مېنى ئەپۇ قىلىش يۈزىسىدىن تاماق ئېتىپ قويدۇم. ئالدى بىلەن تاماقنى يېگىن، ئاندىن سەن نېمە دېسەڭ، مەن شۇنى قىلىپ بېرەي» دەپ، ئامال قىلىپ ئۆزۈڭگە مەپتۇن قىلغىن.

مەلىكە ئابدۇللانىڭ ئېيتقىنى بويىچە تەييارلىق قىلىپ، جادۇگەرنىڭ كېلىشىنى كۈتۈپ ئولتۇرۇپتۇ. جادۇگەرنىڭ يىراقتىن كەلگەنلىكىنى كۆرگەن مەلىكە كېنىزەكلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ جادۇگەرنىڭ ئالدىغا قارشى ئېلىش ئۈچۈن چىقىپتۇ ۋە جادۇگەرنى تولىمۇ خۇشخۇي قارشى ئاپتۇ، ئېيتمىغان ياخشى سۆزلىرى قالماپتۇ. جادۇگەرمۇ ئىنتايىن خۇشال بولۇپ، راستتىن مەلىكە ئابدۇللادىن ئۈمىدىنى ئۈزۈپ ماڭا مايىل بوپتۇ، دەپ ئويلاپتۇ. مەلىكە جادۇگەرنىڭ يۈز - كۆزلىرىدىكى توپا - چاڭلارنى سۈرتۈپ، يۈزىنى يۇيۇشقا سۇ ئەكېلىپ بېرىپتۇ، ئارقىدىنلا ئالدىغا داستىخان سېلىپ تاماقلارنى تارتىپتۇ. مەلىكە ئابدۇللانىڭ ئۆگەتكىنى بويىچە، جادۇگەرنىڭ تامىقىغا ناهايىتى كۈچلۈك زەھەر سالغانىكەن، جادۇگەر تاماقنى ئېغىزىغا سېلىپلا زەھەر سېلىنغانلىقىنى بىلىپتۇ ۋە ئېغىزىغا سېلىنغان تاماقنى دەرھال تۈكۈرۈپ

تاشلاپتۇ. زەھەر بەك كۈچلۈك بولغىنى ئۈچۈن ئېغىزىدا قال-
غىنى كۈچىنى كۆرستىشكە باشلاپتۇ. جادۇگەر سىرلىق
چىراغنى زادىلا يېنىدىن ئايرىمىغانىكەن، ئۇ چىراغنى ئېلىش-
قا ئۇرۇنۇشىغا، ئابدۇللا يۇشۇرۇنغان جايدىن چىقىپلا جادۇ-
گەردىن سىرلىق چىراغنى تارتىۋېلىپ پۇلاڭلاتقانىكەن، دەرھال
دىۋىلەرنىڭ ھەممىسى كېلىپ خىزمەتكە تەييار بوپتۇ. ئاب-
دۇللا: «دەرھال جادۇگەرنى يوقىتىڭلار !» دەپتۇ. دىۋىلەر جا-
دۇگەرنى كۆتۈرۈپ ئاسمانغا ئاچىقىپ تىتما - تىتما قىلىپ
پارچىلاپ ئۆلتۈرۈپ قايتىپ كەپتۇ. ئابدۇللا:

— دەرھال ئىمارەت، باغ، ھايۋانلار بىلەن قوشۇپ بىزنى
ئەسلىدىكى ئورنىمىزغا ئاپىرىڭلار ! — دەپتۇ. بارلىق دىۋىلەر
كۆز يۇمۇپ - ئاچقۇچە ئۇلارنى ئەسلىدىكى ئورنىغا ئاپىرىپ
ئورۇنلاشتۇرۇپتۇ.



پادىشاھ ئوردىغا چىقىپ،
يەنە بۇرۇنقىغا ئوخشاش شەھەر-
نىڭ قىپقىزىل ئالتۇن رەڭگە
كىرىپ نۇرلىنىپ كەتكەنلىكى-
نى كۆرۈپتۇ. ئابدۇللا ھەقىقىي
ئەھۋالنى پادىشاھقا بايان قىل-
غانىكەن، پادىشاھ قايتىدىن
قىرىق كېچە - كۈندۈز توي -
مەرىكە ئۆتكۈزۈپ، ئابدۇللا بىلەن
مەلىكىنى مۇراد - مەقسىتىگە
يەتكۈزۈپ، ئۆزى سالغان ئىما-
رەتكە ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇپتۇ.
ئۇلار تۇرمۇشنى بىر ئۆمۈر
خۇشال - خۇرام ئۆتكۈزۈپ،
دۇنيادىن ئۆتۈپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكى ئادرېسى

# ئەزىمخان ۋە ئايتولۇن

بۇرۇنقى زاماندا ئەكبەرخان ۋە ئەسقەرخان ئىسىملىك ئاكا ـ ئۇكا خانلار ئۆتكەنىكەن. ئۇلار ئۆز كۈچى، بايلىقى ۋە شانۇ شەۋكىتى بىلەن ناھايىتى مەشھۇر ـ مەغرۇر ئىكەن.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئەكبەرخاننىڭ سارىيىغا بىر ئاقساقال دەرۋىش كەپتۇ ـ دە، دەرۋازىنى قېقىپ سەدىقە سوراپتۇ. ئەكبەرخان تۆشىكىدە راھەتلىنىپ ياتقانىكەن. ئۇ چوڭقۇر «ئۇھ !» تارتىپ، خۇدادىن پەرزەنت تىلەپ دۇئالار قىلدىم، ھېسابسىز خەير ـ ساخاۋەت، سەدىقە بەردىم، لېكىن ئۇنىڭ پايدىسىنى كۆرمىدىم. مەيلى، شۇنداق بولسىمۇ بۇ دەرۋىشكە يەنە بىر ئاز خەير ـ ساخاۋەت قىلاي، ئۈمىد بىلەن مېنىڭ ئىشىكىمنىڭ ئالدىغا كەپتۇ، قۇرۇق يانمىسۇن، دەپ ئويلاپ ئۆيىدىن چىقىپتۇ ھەم دەرۋىشكە ئۆزىنىڭ مۇشۇ ۋاقىتقىچە پەرزەنت يۈزى كۆرمىگەنلىكىدىن زارلىنىپتۇ.

— ئەي ئۇلۇغ خاقانىم، سەۋر قىل، سەۋرنىڭ مېۋىسى ئالتۇن. خۇدا نېسىپ قىلسا، سەن چوقۇم پەرزەنت يۈزى كۆرىسەن ! — دەپتۇ دەرۋىش ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىپ.

— مەن بۇنداق گەپلەرنى سەندەك دەرۋىشلەردىن ناھايىتى كۆپ ئاڭلىدىم، ئەمما ھازىرغىچە ھېچبىر مەنپەئەت كۆرمىدىم، — دەپتۇ ئەكبەرخان مۇڭلىنىپ.

— غەم يېمە، ئۇلۇغ خاقانىم. مەن ساڭا ئۈچ دانە ئالما بې-
رەي، مانا چوڭى بەك ياخشى پىشقان، ئۇنى ئۆزۈڭ يەپ، خانىش
بىلەن بىللە بولغىن. قالغان ئىككىسىنى خالىساڭ يە، خالىمى-
ساڭ يېقىن كىشىلىرىڭگە بەر. خۇدا ساڭا مۇشۇ ئالما سەۋەبى بى-
لەن بىر پەرزەنت ئاتا قىلىدۇ. لېكىن، شۇنى ئېسىڭدە تۇتقىنكى،
بالا تۇغۇلغان كۈنى جان قىيىپ قان قىلىپ، غېرىب - غۇرۋا،
تۇل خوتۇن، يېتىم - يېسىرلارغا نەزىر - چىراغ قىلىپ بېرىد-
سەن. بۇنى ھەرگىز ئۇنتۇما! — دەپتۇ دەرۋىش.

ئەكبەرخان دەرۋىشنىڭ ئېيتقىنىنى بەجا كەلتۈرۈپ، ئال-
مىنىڭ چوڭىنى ئۆزى يەپتۇ، قالغان ئىككىسىنى ئۆزىنىڭ
مەھرەملىرىدىن ئىككىسىگە ھەدىيە قىلىپ بېرىپتۇ. كېيىن
ئەكبەرخان بۇ دەرۋىشكە مېھرىبانلىق كۆرسىتىپ دۇئاسىنى
ئاپتۇ. دەرۋىش سارايدىن چىقىپ، چىغىر يول بىلەن تاغقا
چىقىپ كېتىپتۇ. بۇ يول دەرۋىشنى تاغدىكى شەمشاد، چىنار،
قېيىن، قوچۇر(قارىغاي)، ئارچا دەرەخلىرى بىلەن ئورالغان
ھەيۋەتلىك قەسىرگە ئېلىپ كەپتۇ.

— ساڭا نېمە كېرەك، ئەي دەرۋىش؟ — دەپ سوراپتۇ
دەرۋازىۋەن.

— مەن كىشىلەرگە ياخشىلىق تىلەيمەن، بۇ يەرگىمۇ شۇ
نىيەتتە كەلدىم. ساراي ئىچىگە كىرسەم بولامدۇ؟ — دەپ
سوراپتۇ دەرۋىش تەزىم قىلىپ دەرۋازىۋەندىن.

— مەيلى، كىرسەڭ كىرگىن، بىزنىڭ خاقانىمىز ئەس-
قەرخان بۇ كۈنلەردە بەك خاپا. ئۇنىڭ غەزىپىنى كەلتۈرۈپ
قويىدىغان بىرەر ئىشنى قىلىپ قويۇشتىن ئېھتىيات قىل،
بولمىسا، كاللاڭنى تېنىڭدىن جۇدا قىلىدۇ، — دەپتۇ دەرۋازى-
ۋەن دەرۋىشكە ئاگاھلاندۇرۇپ. دەرۋىش:

— خوپ، ئېھتىيات قىلىمەن، — دەپ ئىچكىرىگە كى-

رىپتۇ ۋە خاننىڭ ئارام ئالىدىغان ئۆيىگە قاراپ مېڭىپتۇ، بېرىپ ئىشىكنى قاققانىكەن، ئۆيدىن بىر ياش ئايال خىزمەت-چى چىقىپ ئۇنىڭغا بىر خالتا كۈمۈش تەڭگە بېرىپتۇ ھەم

— «خۇدايىم ئەسقەرخانغا ياخشى پەرزەنت ئاتا قىلسۇن!» دەپ دۇئا قىل، ئەي دەرۋىش ! — دەپتۇ.

دەرۋىش قوللىرىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، ئايال خىزمەتچىنىڭ سۆزلىرىنى تىلغا ئېلىپ ئۈنلۈك دۇئا قىپتۇ. ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغان ئەسقەرخان دەرۋىشنىڭ ئالدىغا چىقىپ، ئۇنىڭ سۆ-زىگە قۇلاق سېلىپتۇ.

ئەسقەرخاننى كۆرگەن دەرۋىش ئۇنىڭغا قولىدىكى يېرىم ئالمىنى ئۇزىتىپ تۇرۇپ مۇنداق دەپتۇ:

— ئەي خاقانىم، مۇشۇ يېرىم ئالمىنى مالال كۆرمەي يېسەڭ پەرزەنت كۆرىسەن !

يېرىم ئالمىنى كۆرۈپ دەسلەپتە ئەسقەرخاننىڭ ئاچچىقى كەپتۇ، ئۇنى قولىغا ئېلىپ خانىسىغا كىرىپ بىر چەتكە تاشلاپ قويۇپتۇ، بىرئازدىن كېيىن ئاچچىقىدىن يېنىپ، يې-رىم ئالمىنى قولىغا ئاپتۇ ـ دە، خۇدادىن پەرزەنت تىلەپ ئاغزىغا سېپتۇ ۋە خانىش بىلەن بىللە بوپتۇ.

توققۇز ئاي توققۇز كۈن توققۇز سائەت ئۆتكەندە ئەكبەرخان، ئەسقەرخاننىڭ سارايلىرىدىن خۇش خەۋەر تارقىلىپتۇ. ھەر ئىك-كىلا خاننىڭ ئاياللىرى ئامان ـ ئېسەن بوشىنىپتۇ. ئەسقەرخان قىز پەرزەنت كۆرۈپتۇ. مەسلىھەتلىشىپ، بۇ قىزنىڭ ئېتىنى «ئايتولۇن» قويۇپتۇ. ئەكبەرخان ئوغۇل پەرزەنت كۆرگىنىنى ئۇچۇن شۇنداق خۇشال ئىكەنكى، بۇنى تەرىپلەشكە تىل، سۆ-رەتلەشكە قەلەم ئاجىزلىق قىلىدىكەن. ئۇلار مەسلىھەتلە-شىپ، بۇ ئوغۇلغا «ئەزەمخان» دەپ ئىسىم قويۇپ، ئەل ـ يۇرتقا چاي بېرىپتۇ، توي قىلىپ ئوغلاق سېلىپ بېرىپتۇ.

ئارىدىن يىگىرمە يىل ئۆتۈپتۇ. بۇ يىللاردا يۇرت ئىچى تىنچلىق، ئەل ئامان بولۇپ، چوڭ ئۆزگىرىشلەر بولماپتۇ. خانزادىلەرمۇ ئوبدان تەربىيىلىنىپ قۇرامىغا يېتىپتۇ. باغلار ۋە تاغ باغرىدىكى دەرەخلەر، دالا گۈللىرى ھەر يىلقىدەك يەنە بىخ سۈرۈپ، نوتا چىقىرىپ كۆكىرىپتۇ، غۇنچىلار ئېچىلىپتۇ، بۇلبۇللار سايرىشىپتۇ، سۈزۈك ھاۋادا قۇدرەتلىك بۈركۈتلەر ئۇلچا ئىزدەپ يەنە پەرۋاز قىلىشىپتۇ. كۈنلەرنىڭ بىرىدە مانا شۇ بۈركۈتلەرنىڭ ئۆتكۈر كۆزلىرى يولدا كېتىۋاتقان ئۈچ ئاتلىق يىگىتنى كۆرۈپ قاپتۇ ـ دە، تېخىمۇ ئېگىز ئۆرلەپ ئاسماننىڭ قەرىگە چىقىپ كېتىپتۇ.

ئاتلىق يىگىتلەرمۇ شىددەت بىلەن ماڭغانىكەن، ئۇلارنىڭ بۇ مېڭىشىغا شامالمۇ تەڭ كېلەلمەيدىكەن. بۇلار شاھزادە ئەـ زەمخان ۋە ئۇنىڭ سادىق خىزمەتكارلىرىدىن ئەقىللىق، ئېغىر ـ بېسىق ھەمرا بىلەن كۈچلۈك، تەنتەك ۋە شوخ مىرزا ئىكەن. بۇلار بەزىدە مۇشۇنداق دالىدا چېپىشىپ يۈرۈپ ئوۋ قىلىشسا، بەزىدە لەشكىري مەشىق قىلىشىدىكەن. ئەزەمخاننىڭ بۇ ئىكـ كى خىزمەتكارى بۇنىڭدىن يىگىرمە يىل بۇرۇن ئەكبەرخان بەرگەن دەرۋىشنىڭ ھېلىقى كىچىك ئىككى ئالمىسىنى يېگەن خىزمەتكارلىرىنىڭ بالىسى ئىكەن. ئۇلار ئەزەمخان بىلەن بىر كۈن بىر سائەتتە تۇغۇلۇپ، بىللە ئۆسكەنىكەن. ئەزەمخانمۇ كۈچلۈك، چىرايلىق، ئاق كۆڭۈل يىگىت بولۇپ ئۆسۈپتۇ. بۇنى كۆرگەن كىشىلەر ھەمىشە ئۇنىڭغا زوق ـ ھەۋەس بىلەن قارايدىكەن، ئۇلار بالىلىرىغا:

— بىز ئەمدى بۇ دۇنيادىن پۈتمىزنى ئۇزۇن سۇنۇپ، بىمالال كېتىدىغان بولدۇق، چۈنكى سىلەرمۇ بىزگە ئوخشاش ياخشى خانغا يېتىشتىڭلار ! — دېيىشىدىكەن.

ئەزەمخان كۈندىن ـ كۈنگە تولۇپ، بوي تارتىپ ئۆـ

سۇۋېرىپتۇ، ئۇنىڭ شۆھرىتى مەملىكەتنىڭ يېقىن ـ يىراق-لىرىغا تارقىلىپتۇ. لېكىن، ئۇ بولسا ئۆزى بىلەن تەڭ تۇغۇ-لۇپ، يېنىدىلا گۈلدەك ئۆسۈپ ئېچىلىۋاتقان گۈزەل ئايتولۇن-دىن بىخەۋەر ئىكەن.

«ھەممە نەرسە خۇدانىڭ خاھىشى بىلەن بولىدۇ» دېگەن گەپ بار. كۈنلەردىن بىر كۈنى قوشنا مەملىكەتتىكى بىر ياش خاننىڭ يۇرتىدىكى تويدا ئەزەمخان بىلەن ئايتولۇن تاسادىپىيلا ئۇچرىشىپ قاپتۇ... ئەزەمخان گۈزەل مەلىكە ئايتولۇننى كۆرۈش بىلەنلا ئۆزىنى يوقىتىپ قويۇپتۇ، نازىنىننىڭ ئايدەك جامالى-دىن كۆزىنى زادىلا ئۈزەلمەپتۇ. نازىنىن قىز ئايتولۇنمۇ ئە-زەمخانغا كۆزى چۈشۈش بىلەن تەڭ لەۋلىرى تىترەپ، ئۆزىنى تۇتالماي قاپتۇ، تومۇرىدا بىر خىل ئىسسىق ئېقىم ئاققاندەك بولۇپ، يۈرىكى ئويناپ كېتىپتۇ، لېۋىدە يېقىملىق تەبەسسۇم پەيدا بولۇپ، چىرايى ئىختىيارسىز گۈلدەك ئېچىلىپ كېتىپتۇ.

ئۇلار قانداق ئۇچراشقان بولسا، شۇنداق بىر ـ بىرى-نى قىيالماي ئايرىلىپتۇ. ئەزەمخان يىگىتلەر سورۇنىغا كۆ-ڭۈلسىز بىر كەيپىياتتا كىرىپتۇ. پۈتۈن كېچە داۋامىدا ئە-زەمخان داستىخاندىكى نازۇنېمەتكە زادىلا قول ئۇزاتماپتۇ. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئەزەمخان ئايتولۇننىڭ ئۆز ئۆيىگە قايتىش ۋاقتىنىڭ يېقىنلىشىپ قېلىۋاتقانلىقىنى، ئەمدى ئۇ-نىڭ تولۇن ئايدەك نۇرلۇق جامالىدىن يەنە بەھرە ئالالمايدىغان-لىقىنى ئويلاپ مەيۈسلىنىپتۇ.

مېھمانلار بىر ـ بىرلەپ تارقىلىشقا باشلاپتۇ. شۇ ۋاقىت-تا ئەزەمخان ئايتولۇن بىلەن باغچىدىكى يالغۇز ئاياغ يولدا يە-نە بىر قېتىم ئۇچرىشىپ قاپتۇ ۋە پاراڭلىشىپتۇ. ئاسماندىكى نۇرلۇق يۇلتۇزلار بۇ چاغدا تېخىمۇ جۇلالىنىپ چاقناپ كې-تىپتۇ. بىر ـ بىرلىرىنىڭ يېقىملىق جامالىغا، ئويناپ تۇرغان

كۆزلىرىگە، تەبەسسۇم كۈلكىسى بىلەن تىترەپ تۇرغان لەۋلىرىگە قاراشقا پېتىنالماي، باغ ئىچىدىكى يولدا ياندىشىپ كېتىۋاتقان بۇ ئىككى ئاشىق ـ مەشۇققا تولۇن ئاينىڭ ھەۋىسى كېلىپ ماراپ قاراپ قويىدىكەن، بەزىدە خىجىللىقتىن ئۆزىنى ئاق ماموقتەك بۇلۇت قوينىغا ئالىدىكەن....

ئايتولۇن بېشىنى سېلىپ كېتىۋېتىپ، ئۆزىنىڭ ئاتا ـ ئانىسى تەرىپىدىن باشقا بىر شاھزادىگە چاي ئىچكۈزۈپ قويۇلغانلىقىنى، توينىڭ تېز ئارىدا بولىدىغانلىقىنى، ئۆزىنىڭ بۇ ئىشقا مەيلى يوقلۇقىنى ئەزەمخانغا ئۇقتۇرۇپ قويۇپتۇ.

ئەزەمخان ئايتولۇننى سارىيىنىڭ ئالدىغىچە ئۇزىتىپ قويۇپ، ئارقىسىدىن خېلى ئۇزۇنغىچە قاراپ تۇرۇپتۇ... ئايتولۇنمۇ كىرىپ كېتىۋېتىپ، بۇرۇلۇپ ئەزەمخانغا قاراپ پىسىڭڭىدە كۈلۈپتۇ.

مانا شۇ كۈنكى ئايرىلىشتىن باشلاپ ئەزەمخان خامۇش ۋە پەرىشان بولۇپ قاپتۇ. ئۇ ھەمىشە دېگۈدەك سارىيىنىڭ پەنجىرىسى ئالدىدا غەمگە پېتىپ ئولتۇرىدىكەن. بەزىدە ئىللىق شامال كېلىپ ئۇنىڭ قاپقارا بۇدۇر چاچلىرىنى يەلپۈتۈپ ئوينايدىكەن. ئۇنىڭ ئارقىسىدا خوجايىنىدىن بىرەر ئېغىز سۆز ئاڭلىيالماي تۇرغان ھەمرا بىلەن مىرزا خوجايىنىنىڭ ئەھۋالىغا بەكمۇ ئېچىنىدىكەن.

بىر كۈنى كەچقۇرۇن ئەزەمخان راۋابىنى قولىغا ئېلىپ، ئۇنىڭ نازۇك تارلىرىنى تەڭشەپ، زەخمىكىنى ئاستا ئۇرۇپ، مۇڭ ئارىلاش بېيىت ئېيتىشقا باشلاپتۇ:

نازىنىن دىلدار،
ھىجرىڭدا مەن زار.
شاھى بەرناسەن،
ئەجەب زىباسەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكىر ئادرىسى

سەندەك چىرايلىق،
يوق ماڭا لايىق.
ئەقلىمنى ئالدىڭ،
ئوتلارغا سالدىڭ.

ئۆسكەن يېرىمدىن،
تۇغقان ئېلىمدىن،
كېچەي بېغىمدىن،
جاي بەر يېنىڭدىن.

شېرىن سۆزۈڭنى،
تىلەپ ۋەسلىڭنى،
دىۋانە بولدۇم،
پەرۋانە بولدۇم.

نازىنىن دىلدار،
ھىجرىڭدا مەن زار.
نىگارىمسەن سەن،
ئارمانىمسەن سەن.

ئۇنىڭ بۇ قوشىقىنىڭ ئاھاڭى شۇ قەدەر غەمكىن ۋە مۇڭلۇق ئىكەنكى، ئاڭلىغانلارنىڭ يۈرىكى راۋابنىڭ تارىدەك تىترەپ، كۆزلىرىدىن ياش مونچاقتەك تاراملاپ ئېقىپتۇ. بىچارە ھەمرا بىلەن مىرزا ئىككىسى چوڭقۇر تىنىپ «ئۇھ» تارتىپ، ئۆز كۈچ ـ قۇدرىتى بىلەن خوجايىنىغا ياردەم بېرىشكە ئىنتىلىپتۇ، نېمە قىلىشنى بىلەلمەي قوللىرىنى قىلىچلىرىنىڭ دەستىسىگە ئۇزىتىپتۇ.

ئەزەمخان زادىلا تاقەت قىلالماپتۇ. ئۇ سۆيگىنىنىڭ سارد-
ىيىغا بېرىشقا قارار قىپتۇ. بۇ ئۈچ ئاتلىق يىگىت كۈن پېتىپ
قاراڭغۇ چۈشكەندە، ئايتولۇننىڭ باغچە سارىيىنىڭ ئېگىز مۇ-
نارىنى نىشانلاپ، شامالدەك تېز ئۇچۇپ كېتىشىپتۇ.

ئۇلار ئاخىر كۆزلىگەن يېرىگە يېتىپ كەپتۇ، تۈن قاراڭ-
غۇسىدا ئاتلىرىنى باغچە سارايىنىڭ ئېگىز مۇنارى يېنىدا توخ-
تىتىپتۇ، بىر - بىرلەپ ئاستاغىنا يەرگە چۈشۈپتۇ ۋە باغچە
ساراي مۇنارىنىڭ كۈنگۈرىسىگە ئارغامچا تاشلاپتۇ. مىرزانى
ئاتلارنى بېقىشقا قويۇپ، ئەزەمخان ھەمرا بىلەن باغچىغا چۈ-
شۈپتۇ. ئەزەمخان باغچىدىكى مېۋىلىك دەرەخلەرنىڭ شاخلىرد-
نى ئېككى تەرەپكە قايرىپ ئېھتىيات بىلەن يول ئېچىپ ئاس-
تا كېتىۋاتقانىكەن، ئايتولۇننىڭ باغدا ئۇخلاۋاتقان خىزمەتكا-
رىنى كۆرۈپ قاپتۇ. ئەزەمخان ئۇنى ئاستا ئويغىتىپتۇ ۋە:

— ئۇنۇڭنى چىقارما، دېمىڭنى ئىچىڭگە يۇت، بۇرادەر، —



دەپ ئۇنىڭغا ئۆزىنى تونۇشتۇرۇپتۇ، كېيىن — ئايتولۇننىڭ خاس ھۇجرىسىنى ۋە ئۇنىڭ ئىشىكىنى كۆرسىتىپ قويغىن — دەپتۇ.

ئەس ـ ھوشىنى يوقاتقان خىزمەتكار ئۇنىنى چىقىرالماپتۇ. ئەزەمخان ئۇنىڭغا يەنە بىرنەچچە تەڭگە كۈمۈش پۇل تاشلاپ بېرىپتۇ. خىزمەتكار پۇلنى دەرھال قولىغا ئېلىپ، بارمىقى بىلەن خىرە نۇر چۈشۈپ تۇرغان ئىككى روجەكنى كۆرسىتىپتۇ. ئۇنىڭ بۇ خىزمىتى ئۈچۈن ئەزەمخان ئۇنىڭغا يەنە بىرنەچچە تەڭگە پۇل تاشلاپ بېرىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن خاتىرجەم بولغان خىزمەتكار ئەزەمخان بىلەن ھەمرانى ئايتولۇننىڭ خاس ھۇجرىسىنىڭ ئىشىكىگە باشلاپ كېلىپ، ئاۋايلاپ ئىشىكنى ئېچىپتۇ.

ئەزەمخان سۆيگىنى ياتقان ئۆيگە كىرىپتۇ. گۈل بەدەن ئايتولۇن ماۋۇقتەك يۇمشاق ئورۇن ـ كۆرپە سېلىنغان شاھ سۇپىدا تاتلىق ئۇيقۇدا ياتقانىكەن. ئۇنىڭ باش تەرىپىدە ھەر خىل ئەتىرگۈللەر، قىزىلگۈللەر خۇش پۇراق چېچىپ ئېچىلىپ تۇرغانىكەن. ئايتولۇن بولسا ئۇنىڭغا كۆزىنى قىسىپ قارىغاندەك، يېنىك نەپەس ئېلىپ يېتىپتىكەن.

ئەزەمخان ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپتۇ، قوللىرىنى ئالقىنىغا ئېلىپ سىلاپ تۇرۇپ، ئاستا بۇ ناخشىنى ئېيتىپتۇ:

ئاھ ئايتولۇن، گۈل چىرايىڭغا
قىزغىنىپ قارار كۆكتىن ئاي ـ يۇلتۇز.
مانا مەنمۇ كەلدىم يېنىڭغا،

قاشلىرى قەلەم، چاچلىرى قۇندۇز.
بىزنى ھازىر ھېچكىم كۆرمەيدۇ،

تىنچ خاناڭدا پەقەت ئىككىيلەن.
كۆزلىرىڭنى ئاچ، ئاھ ئايتولۇن،
بىر قىيا باق، سۆيگىنىم سۆيگەن.

ھازىرلا چۈشىدە كۆرگەن ئەزەمخاننى بىردىنلا كۆز ئالدىدا كۆرگەن ئايتولۇننىڭ خۇشاللىقى ئىچ - ئىچىگە سىغماي كېتىپتۇ. ئۇمۇ خۇددى شۇ ئاھاڭدا ئەزەمخاننىڭ غەزىلىگە جاۋاب قايتۇرۇپ شۇنداق دەپتۇ:

سۆيگىنىم، يارىم، بەختىيارىم كېلىپسەن،
سەنسىز ئۆتتا يانغىنىمنى بىلىپسەن.
گۈلنىڭ ھىدى كېلەر سەندىن شۇنچە خۇش،
ئېيت لاچىنىم، ئوڭۇممۇ بۇ ۋە يا چۈش؟ !

ئاسماننىڭ كۈنتۇغۇش تەرىپى سۇزۇلۇشكە باشلاپتۇ، يۇلتۇزلارنىڭ پارقىراق نۇرلىرى خىرەلىشىپتۇ، ئاي بولسا ئاشىق - مەشۇققا ئاخىرقى قېتىم تەبەسسۇم بىلەن تەلمۈرۈپ قاراپ تۇرۇپتۇ.

ئەزەمخان ئايتولۇننىڭ ھۇجرىسىغا كىرىپ كەتكەندە، ئەتراپىنى كۆزەت قىلىپ قالغان ھەمرا ئاستا ئىسقىرتىپتۇ. ئۇ ھازىر، تۇن تەڭدىن ئاغدى، ئانچە ئۇزۇنغا قالماي تاڭ يورۇيدۇ، كۆزەتچىلەر ئويغىنىپ قالسا، بىزگە بىرەر پالاكەت يۈزلىنىپ قالمىسۇن يەنە، دېگەن تەشۋىشتە ئىكەن.

بۇ ئىككى ئاشىق - مەشۇق ئۈچۈن بىر - بىرىدىن ئايرىلىش بەك قىيىن ئىكەن، بىراق بارغانسېرى تاڭ سۇزۇلۇشكە باشلاپتۇ. ئەزەمخان مەشۇقىنىڭ نازۇك قامىتىنى باغرىغا بېسىپ، ئۇنىڭغا ئۆز مۇھەببىتىنى ئىزھار قىلىش بىلەن ئاۋارە ئىكەن.

شۇ كېچە باشقىلار ئۈچۈن ھەر كۈندىكىدىن بەك ئۇزۇن تۇيۇلۇپتۇ، لېكىن ئەزەمخان بىلەن ئايتولۇن ئىككىسىگە بۇ كېچىنىڭ قانداق ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى سەزمەي قاپتۇ.

ئەزەمخان تاڭنىڭ يورۇۋاتقىنىنى كۆرۈپ كۆزىگە جىق ياش ئالغان پېتى سۆيگىنىنىڭ يېنىدىن قايتىپ چىقىپتۇ ـ دە، بىرنەچچە مىنۇتتىن كېيىن ھەمرا بىلەن مىرزانى ئارقىسىغا سېلىپ، كەلگەن يولى بىلەن تاغ تەرەپكە قاراپ شامالدەك غۇيۇلداپ كېتىپتۇ.

ئەزەمخان سارىيىغا قايتىپ كېلىپ، پۈتۈنلەي غەمگە پېتىپ، گاراڭ ھالغا چۈشۈپ قاپتۇ. مەشۇقسىز ھاياتلىق ئۇنىڭغا كېرەكسىز ۋە مەنىسىزدەك تۇيۇلۇپتۇ. ئۇ ئەتىگەندىن تا كەچكىچە كارىۋىتىدىن قوپماي ياتىدىكەن، ھەتتا يېقىن سىردىشى ۋە مۇڭدىشى بولغان راۋابىنىمۇ قولىغا ئالماپتۇ.

ئايرىلىش ئايتولۇنغىمۇ شۇنداق ئېغىر تۇيۇلۇپتۇ. ئۇ بىر ئامال قىلىپ، سۆيگىنى ئەزەمخانغا ئىنىكئانىسى ۋە باشقا تەربىيىچى، خىزمەتكارلىرى ئارقىلىق سېغىنىشلىق سالام، دەردلىك تۇيغۇلىرى بىلەن ئۆزىنىڭ ئەھۋالىنى يەتكۈزىدىكەن ھەم ئۇنىڭ ئەھۋالىنىمۇ ئۇقۇپ تۇرىدىكەن.

ئەكبەرخان ئۆزىنىڭ ئارزۇلۇق ئوغلىنىڭ كۆيۈك دەردى بىلەن مۇشۇ ھالغا چۈشۈپ قالغانلىقىنى بىلگەن بولسىمۇ، ئىنىسى ئەسقەرخاننىڭ قىزى ئايتولۇننى باشقا ئەلگە ياتلىق قىلماقچى بولۇپ كېلىشكەنلىكىنى بىلگىنى ئۈچۈن، ئوغلىغا قاراپ ئېچىنىشلىق ھالدا بېشىنى چايقايدىكەن. ئۇ بەزى ـ بەزىدە ئىنىسىغا گېپىنىڭ ئۆتمەيدىغانلىقىدىن ھەسرەتلىنىدىكەن.

ئايتولۇننىڭ توي مۇراسىمى يېقىنلىشىپ قالغان كۈنلەرنىڭ بىرىدە، كۆزلىرىدىن ئوت چاقناپ تۇرغان ئەزەمخان ئاتىسىنىڭ ئالدىغا كىرىپتۇ ۋە:

— قەدىرلىك ئاتا، بۈگۈنكى كۈن مېنىڭ هاياتىمدا ئەڭ بەختسىز كۈنلەرنىڭ بىرى بولۇپ قالىدىغاندەك تۇرىدۇ. خەۋەر تېپىشىمچە، سۆيگىنىم ئايتولۇن باشقا يات بىر ئەلنىڭ شاھزادىسىگە ئۇزىتىلماقچى. مېنى نېمە قىلسىڭىز قىلىڭ، ئەمدى مەن ئۇنىڭسىز زادى ياشىيالمايمەن! ئۇن گۈلۈمنىڭ بىرىمۇ ئېچىلماي تۇرۇپلا توزۇيدىغاندەك قىلىدۇ! — دەپتۇ.

ئەزەمخاننىڭ ئاتىسى ئوغلىدىن بۇ گەپنى ئاڭلاپ هاڭ - تاڭ بولۇپ گاڭگىراپ قاپتۇ، كېيىن چوڭقۇر خىيالغا پېتىپتۇ، ئوغلىنىڭ تا ئەزەلدىن داۋام قىلىپ كېلىۋاتقان هەممە ئۆرپ - ئادەتلەرگە خىلاپ هالدىكى بۇ خىل گەپلىرى بىر تەرەپتىن، ئۇنىڭغا غەلىتە تۇيۇلسا، يەنە بىر تەرەپتىن، ئاتى-



www.uyghurkitap.com

لىق مېھرىنى قوزغاپتۇ. ئاتا مېھرىدە ئۇلۇغ قۇدرەت، چەك-
سىز مېھرىبانلىق بار... ئۆز پەرزەنتىگە ئاتىلىق مېھرىبې-
غىشلىغان سۆيۈملۈك ئاتا جانجىگەر، بىردىنبىر ئوغلۇم ئۈچۈن
نېمىلەرنى قىلمايدۇ ! ئەكبەرخان ئىنىسى ئەسقەرخانىنىڭ بۇ
ئىشتا بىرەر مەسلىھەت سورىمىغانلىقىنى، قىزىنى چەت بىر
ئەلنىڭ شاھزادىسىگە بېرىشكە ماقۇل بولۇپ، ئالدىراپ – تېې-
نەپ توينىڭ تەييارلىقىنى قىلىۋاتقانلىقىنى ئويلاپ تىت –
تىت بولۇپ ھەسرەتلىنىپتۇ. ئاخىر قولىدىن ھەرقانداق ئىش
كېلىدىغان دۆلەتمەن قېرىندىشى باتۇر خالدارخانىڭكىگە ئوغ-
لى ئەزەمخاننى ئېلىپ بېرىپتۇ. ئۇ خالدارخانىنىڭ ئالدىغا
سوۋغا – سالاملىرىنى ئېلىپ تەزىم بىلەن كىرىپتۇ ۋە:
— ئەي كۆزۈمنىڭ نۇرى، مېنىڭ يۆلەنچۈكۈم خالدارخان !
بىر ئىشتا بېشىم قېتىپ، سېنىڭ ئالدىڭغا بوينۇمنى ئېگىپ
كەلدىم. بۇ ئىشتا سەن ماڭا ئاتىدارچىلىق قىلىپ مەسلىھەت
ۋە مەدەت بەرمىسەڭ، مەن ئىلاجسىز قالدىم. بىر ياقىا قارى-
سام بالا، يەنە بىر ياقا قارىسام ۋاپاسىز، ھاكاۋۇر، مەنمەنچى
ئىنىم. مەن ساڭا كېچە – كۈندۈز دۇئا قىلاي، خۇدادىن ساڭا
بەخت تىلەي، دۆلىتىم، تاجۇ تەختىم، سارىيىم سېنىڭكى
بولسۇن، قىلىچىم سېنىڭ دۈشمەنلىرىڭنىڭ بېشىدا ئوينى-
سۇن، مېنىڭ بىردىنبىر ئوغلۇم ئەزەمخاننىڭ بېشىنى ئوڭلى-
غىن. بۇ ئىش سېنىڭ قولۇڭدىن كېلىدۇ. سەن تەدبىرلىك،
غەيرەتلىك، ئادىل ۋە توغرىسەن ! — دەپ بېشىنى ئېگىپ
قول باغلاپ ئالدىدا تۇرۇپتۇ. خالدارخان قېرىندىشىغا ۋە ئوغ-
لىغا ئىلتىپات كۆرسىتىپ ئورنىدىن تۇرۇپ، تەختىدىن چۈ-
شۈپ قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈپتۇ. كېيىن ئۆز يېنىدىن ئورۇن
كۆرسىتىپ، ھەر ئىككىسىنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىپتۇ.
ئۇلار خالدارخاننىڭ كۆرسەتكەن ئىززەت – ھۆرمىتىگە مىن-

نەتىدارلىق ئىزهار قىلىپ ئورۇنلىرىغا جايلىشىپتۇ. تىنچ - ئامانلىق سوراشقاندىن كېيىن، خالدارخان ئەكبەرخانغا مەقسىتىنى ئوچۇقراق سۆزلەشنى ئېيتىپ، ئوردىنى خالىي قىپتۇ. ئەكبەرخان ئوغلىنىڭ بېشىغا چۈشكەن ئىشق - مۇھەببەت سەۋداسىنى، ئىنىسىنىڭ بۇ ئىشتا ئۆزىنى كۆزگە ئىلماي نەزەردىن چەتتە قالدۇرغانلىقىنى، قىزى ئايتولۇننىڭ يېقىندا بولىدىغان تويىغىمۇ ئېيتىمىغانلىقىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ. خالدارخان ئەھۋالنى تەپسىلىي سورۇشتۇرۇپ ئاڭلىغاندىن كېيىن بېشىنى سىلىپ ئۇزاق ئويلىنىپتۇ، ئاخىر ئەكبەرخانغا ياردەم بېرىشكە رازى بوپتۇ.

ئەتىسى خالدارخان ئۆزىنىڭ پۈتۈن لەشكەرلىرىنى يىغىپ، توينى كۆچۈرۈپ ماڭغان ياياۋخاننىڭ يولىنى توسۇپتۇ. قىزنى ئۇلاردىن ئاجرىتىۋېلىپ، ئەزەمخاننىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ قويۇپتۇ.

ئەزەمخان ئايتولۇننى ئېتىغا مىندۈرۈپ، دادىسى بىلەن خوشلىشىپتۇ. قىز بىلەن ئۆزى خالدارخاننىڭ سارىيىغا كېلىشىپتۇ. سارايدىكىلەر بۇ ئىككىيلەننى چىرايلىق بېزەلگەن خاس ھۇجرىغا چۈشۈرۈپ، نىكاھ ئوقۇتۇپ قويۇپتۇ.

قۇۋ، ئۇرۇشقاق ۋە جاھىل ياياۋخان ئايتولۇننىڭ قولدىن كەتكىنىگە چىدىماي، لەشكەر توپلاشقا بۇيرۇق بېرىپتۇ. كېيىن ئۇ لەشكەر توپلاپ خالدارخاننىڭ ئۈستىگە باستۇرۇپ بارغىنى بىلەن جەڭدە ئۇنىڭغا تەڭ كېلەلمەيدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپتۇ. ئۇ دەرھال ھىيلە - مىكىر ئىشلىتىپ بېقىشنى، ئۇمۇ بولمىغاندا، توپلانغان قوشۇن بىلەن خالدارخاننىڭ ئۈستىگە باستۇرۇپ بېرىپ، ئايتولۇننىڭ ئۆلۈكىنى بولسىمۇ ئېلىپ كېلىشنى جەزملەشتۈرۈپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ياياۋخان خالدارخاننىڭ ئالدىغا ناھايىتى نۇرغۇن ئالتۇن - كۈمۈش بى-

لەن يوشۇرۇن ئەلچى ئەۋەتىپتۇ.
مال ـ دۇنياغا ھېرىس كىشىلەر ئالتۇن ـ كۈمۈشنى كۆرگەندە ئېرىپ كېتىپ، ۋاپادارلىقنى ئاياغ ئاستى قىلىشى ھەممىگە مەلۇم. خالدارخانمۇ ئالتۇن ـ كۈمۈشنى كۆرۈپ ئەكبەرخان ۋە ئەزەمخانغا قىلغان ئىلتىپاتىدىن يېنىپ، ئايتۇ-لۇننى ئۇنىڭ ئەلچىلىرىگە بېرىپ قويۇپتۇ.
«ئۆزى يوقنىڭ يۈزى يوق» دېگەندەك، شۇ كۈنلەردە ئە-زەمخان ئۇ يەردە يوق ئىكەن، ئۇ دادىسى ۋە ئانىسىنىڭ قې-شىغا توي ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئىشلارنىڭ تەييارلىقىنى مەسلىھەتلىشىشكە كەتكەنىكەن. ئۇ قايتىپ كېلىپ، سۆيگىنى-دىن ئايرىلىپ قالغانلىقىنى ئۇقۇپتۇ. دادىسىنىڭ ئادىل ۋە خالىس، باتۇر دەپ نام چىقارغان قېرىندىشىنىڭ ئالتۇن ـ كۈمۈش ئالدىدا ئاچ كۆزلۈك قىلىپ ئاينىغان پەسكەشلىكىدىن خەۋەر تاپقان ئەزەمخان ئېغىر غەمگە چۆكۈپتۇ.
ئاردىن بىرنەچچە كۈن ئۆتۈپ كېتىپتۇ. بىر كۈنى ئۇ ئۆزىنىڭ بېشىغا كەلگەن دەرد ـ ئەلەمنى خالدارخاننىڭ ئوغلى خالمۇراتخانغا سۆزلەپ بېرىپتۇ. خالمۇراتخاننىڭ ئەزەمخانغا ئىچى ئاغرىپتۇ، قېرىندىشىغا گۈزەل مەلىكە قىز ئايتولۇننى قايتۇرۇپ ئېلىپ بېرىش، ئىككىسىنى مۇراد ـ مەقسىتىگە يەتكۈزۈپ قويۇش مەقسىتىدە، دوست ـ يارلىرى ھەم باتۇرلار-دىن قوشۇن توپلاپتۇ.
خالدارخان ئوغلىنىڭ بۇ ئىشىدىن خەۋەر تاپقان چاغدا، ئوغلى قوشۇننى باشلاپ، ئەزەمخاننى ئېلىپ ياياۋخان تەرەپكە كەتكەنىكەن. ئۇ بۇ ئىشقا ھېچقانداق ئېتىراز بىلدۈرمەپتۇ.
ياياۋخانمۇ تەييارلىنىپ تۇرغانىكەن، دەرھال لەشكەرلىرى-نى ئېلىپ خالمۇراتقا قارشى چىقىپتۇ. ئىككى ئوتتۇرىدا قاز-لىق جەڭ باشلىنىپ كېتىپتۇ. ئۇلار ئىككى كۈنگىچە قاتتىق

ئېلىنىشىپتۇ، ئۆلۈكلەر سايىنىڭ تېشىدەك يېتىپ كېتىپتۇ.
ئۈچىنچى كۈنى تاڭ ئاتار ۋاقتىدا، ئەزەمخان ساق قالغان بىر-نەچچە نۆكىرى بىلەن خالمۇراتنىڭ جەسىتىنى ئېلىپ تاغقا چىقىپ كېتىپتۇ. دۇنياپەرەس خالدارخاننىڭ ئاچ كۆزلۈكى ئۇغلىنىڭ بېشىغا چىقىپتۇ.
ئەزەمخان ئايتولۇندىنمۇ، دوستى، قېرىندىشى خالمۇرات-تىنمۇ ئايرىلىپ «ئۇھ» تارتىپ، گاھى تاغدا، گاھى ئەل ئارى-سىدا يىغلاپ يۈرۈپتۇ. ئۇنىڭ بۇ دەردىگە داۋا تېپىلماپتۇ. ئە-زەمخاننىڭ چىرايى سارغىيىپ ھالىدىن كېتىپتۇ. ئۇ پەقەت بىرلا نەرسىنى — يىراقتىن بولسىمۇ سۆيگىنىنى بىر كۆ-رۈشنى ئارزۇ قىلىدىكەن، شۇ مەقسەتتە يوشۇرۇنچە ياياۋخاد-نىڭ ئېلىنى ئارىلاپ، باغلىرىنى ئايلىنىدىكەن.
بىر كۈنى ئۇنىڭ سارىيىغا ئىككى جاھانكەزدى دەرۋىش كىرىپ كەپتۇ. ئۇلار يولدا بەك چارچىغانلىقتىن پۇتىنى ئارانلا يۆتكىيەلەيدىكەن، يۈز - كۆزلىرىنى توپا - چاڭ باس-قان، كىيىملىرى جۇلدۇر - جۇلدۇر بولۇپ، ياماق چۈشمىگەن يېرى يوق ئىكەن.
ئەزەمخان بۇ جاھانكەزدى مۇساپىرلارنى ئىززەت - ھۆرمەت بىلەن كۈتۈۋاپتۇ، ئۇسسۇزلۇق، ئاش - تاماق بېرىپتۇ، دەم ئېلىش ئۈچۈن مەخسۇس بىر ئۆينى بېرىپتۇ، ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ تۇرۇشقا ئالاھىدە كىشى بەلگىلەپتۇ.
مۇساپىرلار ئەزەمخاننىڭ قىلغان بۇ ياخشى مۇئامىلىسى ئۈچۈن ئۇنىڭغا قانداق يول بىلەن مىننەتدارلىق ئىزھار قى-لىشنى بىلمەي قېلىشىپتۇ. لېكىن، ئۇلار ئەزەمخاننىڭ چىرا-يى سارغىيىپ، مۇڭ باسقانلىقىنى، ھالىنىڭ بەكلا پەرىشانلى-قىنى سېزىپ قاپتۇ. ئۇلار ئۆزئارا بۇ ھەقتە پىكىرلىشىپ، ئۇنىڭ خىزمەتچىسى مىرزادىن بۇ سىرنى سوراپ بىلىشكە

كېلىشىپتۇ. بىر كۈنى ئۇلاردىن بىرى مىرزانى گەپكە ئېلىپ كېلىپ:

— سېنىڭ بۇ مېھماندوست خوجايىنىڭ نېمە ئۈچۈن شۇنداق غەمكىن؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ئۇنىڭ غەمكىنلىكى ئايتولۇن دېگەن بىر ساھىبجامال قىزغا باغلىنىشلىق، — دەپ، ئوتتۇرىدا بولۇپ ئۆتكەن ۋەقەلەرنىڭ ئۆزى بىلىدىغانلىرىنى مىرزا ئۇلارغا تەپسىلىي بايان قىپتۇ ۋە ئاخىردا، — ئۇ شۇ سەۋەبلىك داۋاسىز دەردكە قالدى، — دەپ ئېغىر «ئۇھ» تارتىپتۇ.

— بۇ دەردكە داۋا تېپىلىدۇ! — دەپتۇ مۇساپىرلاردىن بىرى مىرزاغا كۆز قىسىپ، — بىزنى ياخشى كۈتۈۋالغىنى ئۈچۈن خوجايىنىڭنى بىز ئۆز سۆيگىنى بىلەن چوقۇم كۆرۈشتۈرىمىز!

ئەتىسى ئەتىگەندە ئۇلار مىرزا بىلەن ئەزىمخاننىڭ ئۆيىگە بېرىپ، ئۇنى ئۇيقۇدىن ئويغىتىپتۇ. ئۇلار ئەزىمخاننىڭ ئۆيىدە ئىشىك - تۈڭلۈك، پەنجىرە - روجەكلەرنى ئېتىپ مەخپىي ھالدا مەسلىھەتلىشىپتۇ. ئۇلارنىڭ نېمە توغرۇلۇق سۆزلەشكەنلىكىنى ھېچكىم بىلەلمەپتۇ. كەچكە يېقىن ئوردىنىڭ قىبلە تەرىپىدىكى دەرۋازىدىن كىرگەن ئىككى دەرۋىش ئۈچ بولۇپ چىقىپ كېتىپتۇ.



ئۇلارنىڭ ئۇچىنچىسى ئەزەمخان ئىكەن. شۇ ۋاقىتتا ئوردى-
نىڭ شۇ تەرەپتىكى دەرۋازىسى ئۇستىدىكى راۋاقتا ئەتراپقا نەزەر
سېلىپ ئولتۇرغان ئەكبەرخانمۇ ئۆزىنىڭ ئوغلىنى تونۇيالماپتۇ.
ئەزەمخاننىڭ چاچلىرى دەرۋىشلەرنىڭكىدەك ئۆسكەن، جۇل -
جۇل كىيىملىرىنىڭ يىرتىقلىرىدىن بىر ئەت - بىر ئۇستىخان
بولۇپ قالغان بەدەنلىرى كۆرۈنۈپ تۇرىدىكەن. ئۇ يېرىلغان پۇت-
لىرىنى ئارانلا يۆتكەيدىكەن. شۇنداق قىلىپ، بۇ ئۇچەيلەن ياياۋ-
خاننىڭ ئوردىسىغا قاراپ مېڭىپتۇ.

ئۇلار بىرنەچچە كۈن مېڭىپ، ياياۋخاننىڭ ئوردىسىغا يې-
تىپ كەپتۇ. بۇلار يېتىپ كەلگەندە گۈگۈم چۈشكەنىكەن. كۆ-
زەتچىلەرمۇ ئۇلارنىڭ ئەپتىگە قاراپ نېرى - بېرىنى سورۇش-
تۇرمەي ئوردىغا كىرگۈزۈۋېتىپتۇ. ئوردا ئەمەلدارى ئۇلاردىن
بىر قۇر گەپ سوراپتۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ جاھانكەزدى دەر-
ۋىشلەردىن ئىكەنلىكىنى، دۇنيانىڭ ھۆزۈر - ھالاۋىتىدىن قول
ئۈزگەنلىكىنى ئېيتىپتۇ ۋە ياياۋخاننىڭ غېرىب - مۇساپىر،
دەرۋىشلەرنى ناھايىتى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ بې-
شىنى سىلايدىغانلىقىنى يىراقتىن ئاڭلاپ، بىر كۆرۈشۈپ ئۆ-
تۈش نىيىتىنىڭ بارلىقىنى، بۇ يەرگىمۇ شۇنىڭ ئۈچۈن كەل-
گەنلىكىنى ئېيتىپتۇ. ئۇلاردىن ئۆزىنىڭ خانى ھەققىدە ياخشى
تەرىپلەرنى ئاڭلىغان ئوردا ئەمەلدارى نېمە قىلىشىنى بىل-
مەي، بۇ ئۈچ دەرۋىشنى ياياۋخاننىڭ سارىيىنىڭ تېگىدىكى
بىر ئۆيگە جايلاشتۇرۇپتۇ.

ئەتىسى ئۇلاردىن بىرى قومۇش سۇنىيىنى چاپتۇ، يەنە
بىرى ئىككى قولىغا ئىككىدىن تۆت تاشنى ئېلىپ ئوينىتىپ
چاپتۇ، ئەزەمخان بولسا راۋابنى چاپتۇ. ئوردا ئەھلى ساراي
ئالدىدىكى مەيدانغا توپلىشىپتۇ، ئۇلارنىڭ سازلىرىنى تىڭشاپتۇ.

ياياۋخانمۇ بۇلارنىڭ ئويۇنلىرىنى تاماشا قىلىش ئۈچۈن

سارايىنىڭ راۋىقىغا چىقىپتۇ.

ئەزەمخان مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ راۋابنىڭ پەنجىسى-نى يۆتكەپتۇ. ئۇنىڭ قولى راۋابنىڭ پەدىسى بىلەن رەخمىكىگە ئۈيىنسا، كۆزى راۋاقلارنى كۆزىتىپتۇ، قەيەردىن، قايىسى راۋاقتىن ۋە قايسى روجەكتىن ئايتولۇننىڭ شولىسى كۆرۈنى-دىكىن، دەپ ھەممە تەرەپنى تەكشى كۆزىتىپتۇ. ئەزەمخاننىڭ تاقىتى تاق بولۇپ، سەۋر قاچىسى تاشقان چاغدا، بۇ ئىككى-سىنىڭ كۆزى ئۇچرىشىپ قاپتۇ. ئايتولۇن پەنجىرىنى قىيا ئېچىپ ئۇنىڭ چېلىۋاتقان راۋابىغا تەلمۈرۈپ قاراپ تۇرغانى-كەن. ئۇنىڭ چولپاندەك كۆزلىرىدىن قايغۇ ۋە خۇشاللىقنىڭ ياشلىرى كۆرۈنۈپتۇ. ئەزەمخان ئۆزىنى ناھايىتى تەستە ئوڭ-شىۋېلىپ، راۋابنى ئايتولۇننىڭ ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان پەدى-لىرىگە مەرغۇللىتىپ چاپتۇ.

دەرۋىشلەرنىڭ بۇ ئويۇنى ياياۋخانغا يېقىپ قاپتۇ، ساراي ئەمەلدارىغا ئۇلارنى سارايدا ياخشى كۈتۈشنى تاپشۇرۇپتۇ. ساراي ئەمەلدارى ياياۋخاننىڭ خاھىشىغا قاراپ، ئۇلار سازدىن توختى-غاندا باغقا باشلاپ ئەكىرىپتۇ ۋە:

— بۇ ياياۋخان بىلەن مەلىكىلىرىمىزنىڭ خاس سەيلىگا-ھى. ئۇلار خالىغان ۋاقىتلىرىدا بۇ باغنى ئايلىنىپ كۆڭۈللى-رىنى ئاچىدۇ. سىلەرمۇ بۇ يەردە بىرنەچچە كۈن تۇرۇپ خانى-مىزغا كۆپرەك دۇئا قىلىڭلار! — دەپتۇ. بۇلارغا ئارام ئې-لىشقا شۇ يەردىكى راۋاقتىن بىرنى بوشىتىپ بېرىپتۇ. ئوردا ئەمەلدارلىرى، خىزمەتچىلەر كېتىپ، ئۇلار يالغۇز ئۆزلىرىلا قاپتۇ. نەچچە كۈندىن بېرى يول ئازابى بىلەن چارچىغان بۇ دەرۋىشلەر بىردەم ئۆزئارا پاراڭلاشقاندىن كېيىن قورساقلىرى-نى تويغۇزۇپ، ئارام ئېلىشقا كىرىشىپتۇ. ئۇزاق ئۆتمەي تۈن زۇلمەت پەردىسىنى ئەتراپقا يېيىپتۇ. ياياۋخانمۇ ئۇيقۇغا كې-



www.uyghurkitap.com

تىپتۇ. دەرۋىشلەر ئەزەمخاننى روھلاندۇرۇپ يولغا ساپتۇ. دەر-ۋىشلەر ئۇنىڭغا ئامەت تىلەپ، ئۇنى قورۇقداش ئۇچۇن ئىككىسى ئىككى تەرەپكە يول ئاپتۇ.

ئېھتىيات بىلەن ھەر تەرەپكە قۇلاق سېلىپ ماڭغان ئە-زەمخان بىردىنلا بايىقى راۋاقنىڭ پەنجىرىسىدىن ئايتولۇننىڭ دەردلىك ھەم مۇڭلۇق، نازۇك ئاۋازىنى ئاڭلاپ قاپتۇ. ئۇ بۇ قوشاقنى ئوقۇۋاتقانىكەن:

كېچە تۇتەك قاراڭغۇ،
كۆزۈمگە كەلمەس ئۇيقۇ.
ئۇخلار ھارغان پاسىبان،
قىينالماقتا خەستە جان.
سەن نەدىسەن ناتىۋان؟
مېنىڭ ھالىم پەرىشان.
بىر كۆرۈندۇڭ كۈندۈزى،
«گويا بەخت يۇلتۇزى
بېشىمغا قوندى» دېسەم،
كۆزدىن يىتكىلى نېكەم.
كەلگىن ئەزىز دىلدارىم،
تۈگەپ پۈتتى قارارىم.
تەلمۈرتمەي مېنى بۇنداق،
تۇتقىن قولۇمنى تېزراق.

ئەزەمخان تۇرغان ئورنىدىن قوزغىلىپتۇ. ئايتولۇننىڭ قوشاقلىرىغا قۇلاق سېلىپ كېتىۋېتىپ، ئۇنىڭ ئاۋازى پە-سەيگەن چاغدا: «بايا ئاڭلانغان ھېلىقى نازۇك ئاھاڭلىق قوشاق مېنىڭ شېرىن خىيالىم ئوخشايدۇ» دەپتۇ. ئۇ شۇنداق ئىككى-لىنىپ تۇرغان چاغدا، پورەكلەپ ئېچىلىۋاتقان گۈل غۇنچىلى-

www.uyghurkitap.com

رىنىڭ ئارىسىدىن ئۆزىگە قاراپ غۇلاچ يېيىپ كېلىۋاتقان ئايتولۇنغا كۆزى چۈشۈپ قاپتۇ. شۇنداق قىلىپ، ئۇ ئىككى ئاشىق - مەشۇق بىر - بىرى بىلەن قۇچاقلاشقان پېتى ھو- شىدىن كېتىپ گۈللۈككە يىقىلىپتۇ.

ئۇلار ھوشىغا كېلىپ كۆزلىرىنى ئاچقاندا تاڭ يورۇپ قالغانىكەن. ئۇلار غەيرىيلەرنىڭ كۆزى ئۆزلىرىگە چۈشۈپ قېلىپ، پىتنە - پاساتنىڭ پەيدا بولۇشىدىن ئەنسىرەپ، بىر - بىرىدىن ئايرىلىشقا كۆزى قىيمىغان ھالدا ئۆز جايلىرىغا قايتىشىپتۇ.

ئەزەمخان ئۆز ئورنىغا قايتىپ كېلىپ راۋابىنى قولىغا ئاپتۇ ۋە شۇنداق جاراڭلىتىپ چاپتۇكى، ئۇنىڭ راۋابىنىڭ دەستىسىگە باغدىكى بۇلبۇللار ئىختىيارسىز ئۇچۇپ كېلىپ قونۇشۇپتۇ.

بېشىدىن جاھاننىڭ ئىسسىق - سوغۇقى ئۆتكەن مۇنەج- جىم كىشىلەرنىڭ مۇنداق بىر سۆزى بار: «گۈلنىڭ تىكىنى بار، بەختىنىڭمۇ غەپلىتى بار، ئۇ مەڭگۈلۈك ئەمەس». بۇ گەپ راست ئوخشايدۇ. ئەزەمخاننىڭ بەختى ئېچىلىپ، كۆڭلى كۆ- تۈرۈلۈپ، ئايتولۇن بىلەن ئۇچرىشىش ئىشكىنى ئەمدى ئاچ- قاندا، ياياۋخان بۇ دەرۋىشلەردىن گۇمانلىنىشقا، ئادەم قويۇپ ئۇلارنىڭ ھەربىر قەدىمىنى نەزەر ئاستىغا ئېلىشقا باشلاپتۇ، ئارىدىن ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇلارنى سارايدىن قوغلاپتۇ. ئاي- تولۇن بىلەن ئۇچرىشىشنىڭ ئاخىرقى چارىسى بىلەن ئۇمىد- لىرىمۇ شۇنىڭ بىلەن يوقاپتۇ.

ياياۋخان تەرىپىدىن «گۇمانلىق» دەپ قوغلانغان دەرۋىشلەر بىلەن ئەزەمخان ئۆزىنىڭ سارىيىغا كېلىپ غەم - قايغۇ، ھەسرەت، دەرد - ئەلەم بىلەن ئازابلىنىپ ئاغرىپ قاپتۇ.

ئىشقتىن ئىبارەت بۇ بىداۋا دەردكە تېۋىپلارنىڭ دورا -

دەرمانلىرى، ئەكبەرخاننىڭ چارە ـ تەدبىرلىرى كار قىلماپتۇ. ئاخىر ئۇنىڭ غۇنچىدەك ئېچىلىپ كېلىۋاتقان نۇرلۇق جامالى سولۇپتۇ ۋە بۇ دۇنيا بىلەن خوشلىشىپ، ئۇ دۇنياغا سەپەر قىپتۇ.

ئەزەمخاننىڭ ئۆلۈمى ھەققىدىكى خەۋەر دەرۋىشلەر ئارقىلىق ناھايىتى تېزلا دادىسىغا تەۋە پۈتۈن ۋىلايەتلەرگە تارقىلىپتۇ. بۇ خەۋەر ئۇ يەرلەردىن ئاخىر ئايتولۇنغىمۇ يېتىپ بېرىپتۇ. بۇ دەھشەتلىك شۇم خەۋەرگە ئاۋۋال ئۇ ئىشەنمەپتۇ، كېيىن ئېسىنى يوقىتىپ ھوشىدىن كېتىپتۇ. تېۋىپلار ئۇنىڭ پۇت ـ قول ۋە پېشانىلىرىگە شىپالىق مەلھەملەرنى سۇرۇپ بېقىپتۇ، گۈزەل يۈزىگە گۈل سۈيى چېچىپتۇ، دىمىغىغا ئارچا ئىسرىقىنىڭ تۈتۈنىنى پۈرىتىپتۇ. بۇلارنىڭمۇ ھېچقايسىسى كار قىلماي، ئايتولۇنمۇ ئالەمدىن ئۆتۈپتۇ...

شۇ كۈنلەردە ھەمرا بىلەن مىرزانىڭ چۈشىگە ئەزەمخان بىلەن ئايتولۇن كىرىپتۇ، قارىسا، ئۇلار ئىككىسى جەننەتتە بىر ـ بىرى بىلەن قول تۇتۇشۇپ، يېتىلىشىپ يۈرگۈدەك. ئۇلارمۇ بۇ ئىككىسىنى كۆرۈپ يېنىغا كەپتۇ ۋە:

«بىزنىڭ پاك ئىشق ـ مۇھەببىتىمىز ھەققىدە پانىي دۇنيادا ئويلىغانلىرىمىز باقىي دۇنيادا ۋۇجۇدقا چىقتى. ئۇ دۇنيادا بىزنىڭ ئارمىنىمىزغا شۇمبۇيا بولۇپ ئۇنىڭلارنىڭ جېنىغا ۋاي !» دەپتۇ.

ۋەقەشۇناس كىشىلەرنىڭ سۆزلىرىگە قارىغاندا، شۇ كۈنلەردە كىمدەكىم راۋاب چېلىشنى ئۆگىنىشكە بەل باغلىسا، ئەزەمخاننىڭ قەبرىسى بېشىدىكى شاتۇت دەرىخىنىڭ نوتىسىدىن زەخمەك ياساپ، راۋابنى قولىغا ئالسا، ئۇزاق ئۆتمەي خۇددى ئەزەمخاندەك ئۇنى سايرىتىپ چېلىشنى ئۆگىنىۋالالايدىكەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىششىق ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# ئىگەمبەردى

بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا توقسۇنباي دېگەن بىر مەرگەن ئۆتكەنىكەن. ئەل – يۇرت ئۇنى: «ئاتقان ئوقى زايە كەتمەيدۇ» دەپ تەرىپلىشىدىكەن. توقسۇنباي يەتمىش ياشقا كەلگەندە، قوزۇقتا يىگىرمە يىل ئىسقلىق تۇرغان ئوقيانى قايتا قولىغا ئېلىپ، ئۆزىنى بىر سىناپ باقماقچى بولۇپ يەنە ئوۋغا چىقىپتۇ.

توقسۇنباي ئېتىغا مىنىپ، بىر بەلدىن ئېشىپ، ئوتلاۋاتقان بىر توپ كېيىكنىڭ ئۈستىدىن چۈشۈپ قاپتۇ. ئوقياسىنى ئوقلاپ، ئەڭ چەتتە ئوتلاۋاتقان بىر كېيىكنى ئېتىپتۇ، كېيىك شۇ يەرگىلا يىقىلىپتۇ. توقسۇنباي: «خۇدا، ماڭا ئۇزۇن ئۆمۈر بېرىپسەن، كۆز نۇرۇمدىنمۇ ئايرىماپسەن» دەپ خۇداغا شۈكۈر ئېيتىپ، كېيىكنى بېسىپ بوغۇزلىۋاپتۇ، ياش ۋاقتىدىكى ئادىتى بويىچە كېيىكنىڭ ئىچىنى يارماستىن، تۆشىنى ئايرىۋاپتۇ، ئازراق كاۋاپ قىلماق بولۇپ، بىر پارچە گۆشنى ئەمدىلا كېسىۋېلىپ قولىغا ئېلىشىغا، گۆش چاچراپ چىقىپ كېسىلگەن ئورنىغا بېرىپ يېپىشىپ قاپتۇ. كېيىكنىڭ تاش ئۈستىدە تۇرغان تۆشىمۇ سىيرىلىپ چۈشۈپ، كېيىكنىڭ گەۋدىسىگە يېپىشىپ قاپتۇ. كېيىك ساپساق بولۇپ ئەسلىگە كېلىپ، ئورنىدىن ئىرغىپ تۇرۇپ قېچىپتۇ. بۇ كارامەتكە توقسۇنباي ھەيران بولۇپ:

— ئەي كېيىك، ھېچبولمىغاندا بۇ سىرنىڭ باش ـ ئاخىرىـ
نى بولسىمۇ بىلىپ قالاي، زادى ھايۋانمۇسەن، شەيتانمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ. كېيىك كەينىگە قاراپ:

— مېنىڭ ئەھۋالىمنى ئىگەمبەردىدىن سورا ! — دەپتۇ ـ دە، كۆزدىن غايىب بوپتۇ.

توقسۇنباي تېخىمۇ ھەيران بولۇپ ئۆيىگە قايتىپتۇ. بۇ سىرنىڭ تېگىگە يەتمەك بولۇپ، يىراق ـ يېقىندىكى ئىگەمـ
بەردى ئىسىملىك كىشىلەرنى سۈرۈشتۈرۈپتۇ، بۇ ئەتراپتا ئۇنداق ئادەم يوق ئىكەن. ئىزدە ـ ئىزدە چەت ـ ياقىدىكى بىر مەھەللىگە بېرىپ قاپتۇ. بۇ يەردە ئىگەمبەردى ئىسىملىك ئاپئاق ساقال بىر بوۋاي بار ئىكەن. بوۋاي مېھماننى ئىززەت ـ ھۆرمەت بىلەن قارشى ئاپتۇ. تاماقتىن كېيىن، توقسۇنباي ھېلىقى كېيىكنىڭ ۋەقەسىنى سۆزلەپ، بۇ ئىشنىڭ سىرىنى سوراپتۇ.

ئىگەمبەردى ساقىلىنى سىلاپ ئۇزۇندىن ـ ئۇزۇن خىيال سۈرۈپ ئولتۇرۇپتۇ ـ دە، ئاخىردا: «خۇدا مېنىڭ سىرىمنى ئادەمزاتقا يەتكۈزۈش ئۈچۈن بۇ كېيىكنى سىلىگە يولۇقتۇرۇپـ
تۇ. ئەمدى ئېيتمىسام بولماس» دەپ ھېكايىسىنى باشلاپتۇ.

— ياش چاغلىرىم ئىدى، — دەپ ھېكايە قىپتۇ ئىگەمـ
بەردى، — ئاتام ماڭا بىر باينىڭ قىزىنى ئېلىپ بەرمەكچى بولدى. قېيناتام بىزگە ئاتاپ يېڭى ئۆي سالغانىكەن. ئۆز ئاـ
تامنىڭ رازىلىقى بىلەن قىزنىڭ ئۆيىگە ئوغۇلچىلاپ كىردىم. قىز توي كۈنى مېنى يېنىغا ئولتۇرغۇزدى، ئاندىن بارمىقىدىن بىر تال ئۈزۈكنى چىقىرىۋالدى ـ دە: «قامچا بولۇپ كەت !» دېدى. ھېلىقى ئۈزۈك قىزنىڭ قولىدا قامچىغا ئۆزگىرىپ قالدى. ئۇ ماڭا قاراپ: «بۆركۈت بولۇپ كەت !» دەپ بىر قامـ
چا ئۇرۇۋىدى، بىر بۆركۈتكە ئايلىنىپ قالدىم.

ئۇچتۇم، ئۇچتۇم، تاڭ سەھەردە بىر كىشىنىڭ ئۆيىنىڭ ئالدىدىكى باراڭغا قوندۇم. ئۆي ئىگىسى مېنى كۆرۈپ: «تازىمۇ قىران بۈركۈت ئىكەن» دەپ تۇتۇپ ئۇۋغا سالىدى. ئۆزۇمگە كۆرۈنگەننىڭ ھەممىسىنى ئالدىم. ھېلىقى كىشى بارغانسېرى بېيىپ، ئىززەت - ھۆرمەت تاپتى، پۇتلىرىمغا ئالتۇندىن زەنجىرلەرنى بېكىتتى. بىر كۈنى مۇشۇ ئالتۇن زەنجىرنى قىزغا ئېلىپ بارسام، بەلكىم مېنى ئۆز ئەسلىمگە قايتۇرار، دېگەن ئۈمىدتە ئاسمانغا كۆتۈرۈلدۈم - دە، قىزنىڭ ئىشىكىگە بېرىپ قوندۇم. قىز مېنى كۆرۈپ: «ئەي جانىۋارىم، كەلدىڭمۇ؟» دەپ قولىغا ئېلىپ باش - كۆزۈمنى سىلاپ، پۇتۇمدىكى ئالتۇن زەنجىرنى يېشىۋالدى، ئاندىن ھېلىقى ئۈزۈكنى بارمىقىدىن چىقىرىۋېلىپ قامچىغا ئايلاندۇردى - دە: «ئىت بولۇپ كەت!» دەپ ماڭا بىر قامچا ئۇردى، مەن يوغان بىر ئىتقا ئايلىنىپ قالدىم.

ئۆز تەقدىرىمدىن ھەسرەتلىنىپ بېشىم قايغان تەرەپكە ماڭدىم. يېرىم كېچە بولغاندا سەككىز كىگىز ئۆي تىكىلگەن بىر قويچىلار مەھەللىسىگە يېتىپ كېلىپ، مال قوروۇلىرىنىڭ چېتىدە ياتاتتىم، بىر چاغدا ئويۇر - تويۇرچىلىقتىن ئويغىنىپ كەتتىم. قارىسام، قويلارغا بۆرە تەگكەنىكەن. بىر توپ بۆرە بىلەن ئېلىشىپ ھەممىسىنى تالاپ يىقىتتىم. تاڭ ئاتقاندا قويچىلار ئويغىنىپ، قاشانىڭ ئەتراپىدىكى بۆرە ئۆلۈكلىرىگە قاراپ ھەيران بولۇپ قېلىشتى، بىر قېرى قويچىنىڭ ماڭا كۆزى چۈشۈپ: «قاراڭلار، بۇ كىمنىڭ ئىتىدۇ؟ بىزنى كېچە كەلگەن بالا - قازادىن قۇتۇلدۇرۇپ قاپتۇ!» دېدى.

شۇ كۈندىن باشلاپ قويچىلارنىڭ ئەتىۋارلىق ئىتى بولۇپ قالدىم. ئۇلار مېنى كۆڭۈل قويۇپ باقتى، مەن بولغاچقا كېيىچىلىرى بەخىرامان ئۇخلايدىغان بولدى، ماللىرى كۆپىيىپ،

قورۇغا سىغمىغانلىرىنى سېتىپ ئالتۇنغا ئالماشتۇرۇشتى. بىر كۈنى قويچىلار ئارىسىدا بۇ ئالتۇنلارنى بۆلۈشۈش توغرىسىدا ماجىرا چىقتى. شۇ چاغدا ھېلىقى قېرى قويچى:

— ھەي قويچىلار، بىزگە نېمە يېتىشمەيدۇ؟ بۇ ئالتۇننى بۆلۈشۈپ نېمە قىلىمىز؟! ئۇنىڭدىن كۆرە بۇنى سادىق ئىتىمىزنىڭ بويىنىغا ئېسىپ قويايلى، ئۇ كەلگەندىن بېرى مېلىمىز ئامان، تۇرمۇشىمىز تىنچ بولۇپ قالدى، — دېدى.

قويچىلار تېرىدىن ھەميان تىكىپ، ئۇنىڭ ئىچىگە ئالتۇنلارنى تىقىپ بويىنۇمغا ئېسىپ قويۇشتى. ئەمدى بۇ ئالتۇنلارنى ئاپىرىپ بەرسەم، قىز ئىنساپقا كېلىپ مېنى ئەسلىمگە قايتۇرار، دېگەن خىيالدا شۇ كۈنى قويچىلار مەھەللىسىنى تاشلاپ، ئايالىمنىڭ ئالدىغا قايتىپ كەلدىم. ئايالىم باش-كۆزۈمنى سىلاپ، بويىنۇمدىن ھەميانىنى يېشىۋالدى-دە، يەنە ئۈزۈكنى قامچىغا ئايلاندۇرۇپ: «مۈشۈك بولۇپ كەت» دەپ شىلتىدى. شۇ زامات مۈشۈك بولۇپ قالدىم. تالاغا يۈگۈرۈپ چىقىپ، ئەمدى قېچىپ نەگە بارارمەن، دەپ، ئۆچ ئېلىش نىيىتىگە كەلدىم-دە، ئۆيگە ئاستا قايتىپ كېلىپ، ساندۇقنىڭ ئاستىغا مۆكۈنۈۋالدىم.

ئايالىمنىڭ بىر موماي خىزمەتكارى بولۇپ، ئۇنىڭ چىرايى تولىمۇ قورقۇنچلۇق ئىدى. بىر چاغدا ئۆيگە شۇ موماي كىرىپ كەلدى. كۆڭلۈمگە، ھەممە شۇملۇقنى تېرىۋاتقان مۇشۇ جادۇگەر بولسا كېرەك، دېگەن گۇمان چۈشتى-دە، ئۇنىڭ كۆزلىرىنى مورلاپ ئويۇۋەتمەكچى بولۇپ، سەكرەپ مۆرىسىگە چىقىۋالدىم. ئۇ چۆچۈپ ماڭا قاراپ:

— ئەي، سەن ئىگەمبەردى ئەمەسمۇ؟ ماڭا چېقىلما، سېنىڭ بېشىڭغا چۈشكەن كۈنلەرنى بىلىمەن. ئۇ قىزنىڭ سەندىن باشقا ئويىنىشى بار، ھەر كۈنى شۇ يىگىتى بىلەن كۆڭۈل

ئاچىدۇ. قىزنىڭ خىيالى سېنى كۆزدىن يوقىتىش. ئىشىنىمە-
سەڭ، قىز ياتىدىغان ھۇجرىغا كىرىپ بايقاپ تۇر. ئۇلار قو-
چاقلىشىپ يېتىپ ئۇيقۇغا كەتكەندە قىزنىڭ ئاغزىغا قۇيرۇ-
قۇڭنى سۈركە، ئۇ ھېلىقى ئۈزۈكنى كېچىسى ئاغزىغا سېلىپ
ياتىدۇ، قۇيرۇقۇڭنى سۈركىسەڭ، كۆڭلى ئاينىپ قەي قىلغاندا
ئۈزۈكمۇ يەرگە چۈشىدۇ. ئۈزۈكنى ئېلىپ ئۆينىڭ ئارقىسى-
دىكى كۆك تاشقا: «ئەمدى ئىگەمبەردى بولمىسۇن» دەپ سۈر-
كىسەڭ، ئەسلىڭگە قايتىسەن، — دېدى.

مومايىنىڭ سۆزىگە بىر ئىشىنىپ، بىر ئىشەنمەي، ئۇنىڭ
دېگىنىچە قىلىۋىدىم، راستتىنلا ئەسلىمگە قايتتىم. ئۈزۈكنى
قامچىغا ئايلاندۇرۇپ، ئۆينىشى بىلەن قۇچاقلىشىپ ياتقان ئا-
يالىمنىڭ قېشىغا كېلىپ: «تۆگە بولۇپ كېتىڭلار!» دەپ
شىلتىۋىدىم، ئۇلار بىر جۈپ ئەركەك - چىشى تۆگىگە ئايلان-
دى. ئۆيدىكى مال - مۈلۈكلەرنى تۆگىلەرگە ئارتىپ، ئۆز ئۆ-
يۈمگە قايتىپ كەلدىم.

ئاتا - ئانام مېنىڭ خەۋىرىمنى ئاللاي بىر كۆزى ياش،
بىر كۆزى قان ھالەتتە تۇرغانىكەن. خۇشال كۆرۈشتۇق. تۆ-
گىدىكى ماللارنى چۈشۈرۈپ، ئۈزۈكنى يەنە قامچىغا ئايلاندۇ-
رۇپ: «كېپىنەك بولۇپ كېتىڭلار!» دەپ تۆگىلەرگە شىلتىۋى-
دىم، تۆگىلەر كېپىنەككە ئايلىنىپ چۆلگە چىقىپ كېتىشتى.
شۇنىڭدىن بېرى ئۇلارنى يولۇقتۇرمىغانىدىم، ئۇ ئىشنىمۇ
ھېچبىر كىشىگە تىنمىغانىدىم. بەلكىم سىزگە يولۇققان كې-
پىنەك شۇ كېپىنەكلەرنىڭ بىرەرى بولسا كېرەك.

ئىگەمبەردى ھېكايىسىنى شۇ يەردە تۈگىتىپتۇ. توقسۇن-
باي، ياشالا، شۇنچىلىك ۋاقىت ئۆۋچىلىق قىلىپ يۈرۈپ
بۇنداق ۋەقەنى ئاڭلىمىغانىكەنمەن، دەپ، ئىگەمبەردىگە رەھمەت
ئېيتىپ قايتىپتۇ.

# ئۆلمەي تۇرۇپ جەننەتنى كۆرۈش

زامانى ئاۋۋالدا زالىملار ئەتىۋار، ئادالەتلىكلەر خار، ھەسەتخورلار مەنسەپدار، ئاق كۆڭۈللەر زار بولغان، پارىخورلار بېيىپ، ساداقەتمەنلەر نامراتلاشقان، بىلىمسىزلەر يۈز تاپقان، ئىلىم ئەھلى خارلانغان، گۈلنىڭ ئورنىنى تىكەن، بۇلبۇلنىڭ ئورنىنى زاغ ئالغان بىر مەملىكەت بولغانىكەن. ئۇ ئەلنىڭ شاھى ناھايىتى دۆت ۋە كالۋا ئىكەن، قىرىق خوتۇنى بولسىمۇ، ھېچقايسىسىدىن پەرزەنت يۈزى كۆرمىگەنىكەن. بۇ شاھنىڭ ئوڭ قول ۋەزىرى تولىمۇ ئادىل، ئۇنىڭ خوتۇنى دانىشمەن ئىكەن.

ئايلار، يىللار ئۆتۈپتۇ، شاھقا قېرىلىق يېتىپتۇ، ئۇ ئۆز پۇشتىدىن تامغان ۋارىسىنىڭ يوقلۇقىدىن غەمگە پېتىپتۇ. ئوردىدىكى پىتنىخورلار، خانىشلار شاھلىق تەمەسىدە چاياندەك قۇتراپتۇ، ئۆز مەقسەتلىرىگە يېتىش ئۈچۈن گۇرۇھلارغا بۆلۈنۈپتۇ. سول قول ۋەزىر، دىۋانبېگى قاتارلىقلار ئوڭ قول ۋەزىرنى شاھلىقنى قولغا كەلتۈرۈش يولىدىكى توسالغۇ دەپ قاراپ، ئۇنى كۆزدىن يوقىتىش مەقسىتىدە بوھتانلارنى چاپلاپ، ئۇنى شاھقا چېقىپتۇ. شاھ غەزەپكە كەپتۇ، بىراق ئوڭ قول ۋەزىرگە ئاشكارا قول سېلىشنى ئەپ كۆرمەپتۇ ـ دە:

— ئۇ سەۋەبىنى بىلمەيدىغان، نام ـ نىشانسىزلا يوقىلىد-


دىغان بىر ئەپلىك چارە تېپىڭلار، — دەپتۇ.
پىتىنخورلار شۇ كېچىنىڭ ئۆزىدە سول قول ۋەزىرىنىڭ ئۆ-يىگە توپلىنىپتۇ، تۈرلۈك ئامال - چارىلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپتۇ. ئۇنىڭ ئىچىدە دىۋانبېگىنىڭ تەدبىرى ھەممىگە ماقۇل بوپتۇ.
— شاھ ۋەزىرگە ھەرقانداق كېسەلگە شىپا بولىدىغان ئادەمنى ياشارتىدىغان مېۋە تېپىپ كېلىشنى تاپشۇرسۇن، شە-ھەردىن ئاتلىق ماڭغاندا تۆت كۈندە يېتىپ بارىدىغان بىر تاغ بار، تاغنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر چوڭ باغ بار. بۇ كۆھقاپنىڭ دىۋىلىرىگە تەئەللۇق باغ، ھېلىقى مېۋە پەقەت شۇ باغدىلا بار. بۇ باغدىن ئادەم بالىسىنىڭ بىرەر تال مېۋە ئېلىپ چىقىشى مۇمكىن ئەمەس. ئوڭ قول ۋەزىر شاھنىڭ پەرمانىنى ئو-رۇنداش ئۈچۈن شۇ باغقا بېرىشقا مەجبۇر بولىدۇ، ئۇ يەردە دىۋىلەرنىڭ قولىدا ئۆلمىگەندىمۇ، باشقا ئىككى خەۋپتە ئۆلى-دۇ، — دەپتۇ دىۋانبېگى.
— ئىككى خەۋپ نېمىكىن؟ — دەپ سوراپتۇ باشقىلار.
— شەھەردىن ئىككى كۈنلۈك يىراقلىقتا بىر بۇلاق بار، دىۋىلەر بۇ بۇلاققا زەھەر تۆككەن. بۇ يەردىن ماڭغان ھەر-قانداق يولۇچى شۇ بۇلاق سۈيىدىن ئىچمەي ماڭالمايدۇ. بۇلاق سۈيىنى ئىچمەي ئۆتۈپ كەتكەن تەقدىردە، ھېلىقى باغنى ساقلايدىغان تۆت ئىت بار، ئىتلار دىۋە نەسلىدىن، ھەرقانداق پالۋانمۇ ئۇلارغا تەڭ كېلەلمەيدۇ، — دەپتۇ دىۋانبېگى.
ئۇلار بۇ ئاجايىپ تەدبىرنى شاھقا يەتكۈزۈپتۇ. شاھ بۇ تەدبىرنى ماقۇل كۆرۈپتۇ ۋە ئوڭ قول ۋەزىرگە:
— سەن ماڭا ئادەمنى ياشارتىدىغان، ھەرقانداق كېسەل-گە شىپا بولىدىغان مېۋىلەردىن تېپىپ كەل! — دەپتۇ.
ئوڭ قول ۋەزىر ئۆيىگە قايتىپتۇ، نېمە قىلىشنى بىلمەي بېشى قېتىپتۇ، خوتۇنى ئەھۋال سورىغانىكەن، شاھ تاپشۇرغان

ئىشنىڭ چارىسىنى تاپالماي قىيىنىلىۋاتقانلىقىنى ئېيتىپتۇ.

— سىلىنى ئۇلار دىۋىلەرنىڭ قولى بىلەن يوقىتىشنى كۆزلەپتۇ، — دەپتۇ ۋەزىرنىڭ خوتۇنى، — شاھ دېگەن مېۋىلەر دىۋىلەرنىڭ بېغىدا بار، بۇ باغدا جاھاندا بارلىكى مېۋىلەرنىڭ ھەممىسىنى تاپقىلى بولىدۇ. ئۇ باغدىكى ئاق ئەنجۈر ئادەمنى ياشارتىدۇ، سېرىق نەشپۈت ھەرقانداق كېسەلگە شىپا بولىدۇ، قارا ئەنجۈرنى يېگەن ئادەم مۈڭگۈزلۈك ھايۋانغا ئۆزگىرىپ قالىدۇ، كۆك نەشپۈتنى يېسە ئەسلىگە كېلىدۇ. سىلى شەھەردىن چىقىپ كۈنچىقىش تەرەپكە قاراپ تۆت كۈن ئاتلىق ماڭسىلا، ئاندىن دىۋىلەرنىڭ ماكانىغا بارىدىلا، ئۆيدىن چىقىپ ئىككى كۈن ماڭغاندىن كېيىن سۇسىز، گىياھسىز چۆلدىكى بىر بۇلاق بېشىغا بارىدىلا، بۇلاق سۈيى زەھەرلەنگەن، ھەرگىز ئىچمىسىلە، ئاتنىمۇ سۇغارمىسىلا. يەنە يېرىم كۈن ماڭغاندا بىر كىچىك دەريا بويىغا بارىدىلا. مانا مۇشۇ يەردە ئۇسسۇزلۇقلىرىنى قاندۇرۇپ، ئاتنى سۇغىرىپ، ھاردۇق چىقارسىلا. تۆتىنچى كۈنى باغقا يېتىپ بارىدىلا. سىلى دىۋىلەرنىڭ ئۇخلىغان پەيتىنى كۈتسىلە، دىۋىلەر ئۇخلايدۇ، ئەمما باغنى ساقلايدىغان تۆت ئىت ئۇخلىمايدۇ. ئۇلارغا تۇيدۇرماي بىردىن قوينىڭ كاللىسىنى تاشلاپ بېرىدىلا، ئىتلار كاللىنى غاجاپ قاۋىمايدۇ، سىلىگە تەگمەيدۇ. سىلى سۈڭگۈچتىن كىرىپ باشقا ھەرقانداق مېۋىگە تەگمەي، ئاق ئەنجۈردىن تۆتنى، سېرىق نەشپۈتتىن تۆتنىلا ئالىدىلا، كۆپ ئېلىش خەتەرلىك. ئەنجۈر، نەشپۈتنى ئېلىپ چىقىپ يولغا راۋان بولىدىلا. يولدا ئەنجۈردىن بىرنى، نەشپۈتتىن بىرنى يەيدىلا، شۇنىڭ بىلەن ئۇسسىمايدىلا، قورساقمۇ ئاچمايدۇ. ھەرگىز بىپەرۋالىق قىلمىسىلا، بولمىسا، رەقىبلىرى تەنتەنە قىلىدۇ، دوستلىرى ماتەمدە قالىدۇ. بۇ جەرياندا مەنمۇ ھەمدەم بولارمەنۇ، لېكىن تەقدىرنىڭ

ئىشىغا بەندە ئامال قىلالماي قالسا، ئۇششاق بالىلىرىمىزغا مۇشكۇل بولىدۇ....

ئۆڭ قول ۋەزىر بىر چوڭ خۇرجۇننىڭ بىر بېشىغا قوينىڭ تۆت كاللىسىنى، يەنە بىر بېشىغا ئوزۇق - تۈلۈك ئېلىپ يولغا چىقىپتۇ. دېگەندەك، تۇپتوغرا ئىككى كۈن يول يۈرگەندىن كېيىن گىياھسىز، سۇسىز چۆلگە چىقىپ قاپتۇ. ھاۋا بەك قىزىپ، ۋەزىرنى تەشنالىق قىيناپتۇ. شۇ چاغدا ئۇنىڭ كۆزىگە بىر تۈپ دەرەخ كۆرۈنۈپتۇ. ۋەزىر زور ئۈمىد بىلەن شۇ چىنار تۈۋىگە بېرىپتۇ. چىنارنىڭ تۈۋىدە توختاۋسىز ئېقىپ تۇرغان بىر بۇلاق بار ئىكەن. ئۇسسۇزلۇق، ئىسسىق ئازابىدا بېشى ئايلانغان ۋەزىر خوتۇنىنىڭ دېگىنىنى بويىچە ئىش قىلماي، ئاتتىن چۈشۈپتۇ - دە، ئاتنى چىنارغا باغلاپ بولۇپ، قولىغا بىر ئوچۇم سۇ ئاپتۇ. دەل شۇ چاغدا بىر كۆك كەپتەر ئۇچۇپ كېلىپ ۋەزىرنىڭ قولىغا قانىتى بىلەن ئۇرۇپتۇ. ئۇ: «ۋاي...» دەپ قولىنى تارتقىنىكەن، ئوچۇمىدىكى سۇ تۆكۈلۈپ كېتىپتۇ. ئۇ قايتا سۇ ئالماقچى بولغانىكەن، «بۇ سۇنى ئىچمەڭ، ئىچسىڭىز ئۆلىسىز!» دېگەن ئاۋاز كەپتۇ. ئۇ ھەيرانلىقتا ئەتراپقا قاراپتۇ، ئاسماندىكى كۆك كەپتەردىن باشقا ئۇچارقاناتمۇ، ئادەممۇ كۆرۈنمەپتۇ. شۇ چاغدا



ۋەزىر كۆك كەپتەرنىڭ ئۆز خوتۇنى ئىكەنلىكىنى پەملەپتۇ ـ دە، سۇنى ئىچمەي يولغا راۋان بوپتۇ.

ئوڭ قول ۋەزىر تۆتىنچى كۈنى يېرىم كېچىدە كۆزلىگەن مەنزىلىگە كەپتۇ. ئۇ خۇرجۇندىكى قوي كاللىلىرىنى بۇلۇڭدىكى ئىتلارغا تاشلاپ بېرىپتۇ، ئاندىن سۇڭگۈچتىن باغقا كىرىپتۇ. قارىسا، باغ ئىچىدە مېۋىلەر مەي بولۇپ پىشىپ كەتكەنىكەن. ۋەزىر ئاي شولىسىدىن پايدىلىنىپ ئىزدەپ، ئاق ئەنجۈر، سېرىق نەشپۈتنى تېپىپ تۆتىنلا ئاپتۇ ـ دە، باغدىن قايتىپ چىقىپتۇ.

ئوڭ قول ۋەزىر ئوردىغا قايتىپ، بىر ئەنجۈر، بىر نەشپۈتنى شاھقا بېرىپتۇ. بۇنى كۆرگەن شاھ ۋە ھىيلىگەر ئەمەلدارلار سۈيىقەستلىرىنىڭ بەربات بولغانلىقىنى پەملەپتۇ.

ئارىدىن بىرنەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، ئىچىدە چايان قاترايدىغان مەككارلار باشقا سۈيىقەست پىلانلاپتۇ.

— ھازىر ئەلدە ئىسيان تولا، جەڭگە تەييارلانمىساق بولمايدۇ. ئەمما، لەشكەرلىرىمىزنىڭ قورال ـ ياراغلىرى يېتەرسىز، شۇڭا كۆمۈر كۆيدۈرۈپ، پولات ـ تۆمۈردىن قورال ـ ياراغ ياسىمىساق بولمايدۇ، بىز مۇشۇنى باھانە قىلىپ ئەلگە ئوتۇن ئالۋىنى سالساق، يىغىلغان ئوتۇننى ئوڭ قول ۋەزىر شەھەر سىرتىدىكى ئايدالاغا مۇنار شەكلىدە قىلىپ تىزسا، ئۇ ئوتۇننىڭ ئۈستىدىن چۈشۈپ بولغۇچە ئوتۇنغا ئوت يېقىۋەتسەك، — دەپتۇ سول قول ۋەزىر.

شاھ سول قول ۋەزىرنىڭ دېگىنى بويىچە پەرمان چۈشۈرۈپتۇ. ئوڭ قول ۋەزىر ئۆيىگە بېرىپ ئەھۋالنى خوتۇنىغا ئېيتىپتۇ ۋە:

— ئەمدى قۇتۇلۇش تەس، بۇ ئەجەل مېنىڭ بېشىمغا بىمەھەل كەلگەن ئوخشايدۇ، — دەپ ھەسرەتلىنىپتۇ.

www.uyghurkitap.com

— سىلى ئەندىشە قىلمىسىلا، سىلى ئوتۇننى مۇناردەك قىلىپ تىزىۋەرسىلە، قالغان ئىشنى ئۆزۈم توغرىلايمەن، — دەپتۇ ۋەزىرنىڭ خوتۇنى.

ۋەزىر ئوتۇننى مۇنارغا ئوخشىتىپ تىزىۋېرىپتۇ. ئوتۇن تىزىلىپ بولغاندىن كېيىن، شاھ: «ئوت يېقىلسۇن !» دېگەن مەنىدە كۆز ئىشارىتى قىپتۇ. ياساۋۇللار ئوتۇنغا تەرەپ - تەرەپتىن ياغ چېچىپ ئوت يېقىپتۇ، بىردىنلا يەر - جاھاننى ئوت ۋە تۈتەك قاپلاپ كېتىپتۇ. ئوڭ قول ۋەزىرنىڭ جەزمەن ئۆلىدىغانلىقىغا ئىشەنگەن شاھ ۋە باشقا ئەمەلدارلار ئوردىغا قايتىپتۇ. ئوڭ قول ۋەزىرنىڭ خوتۇنى سۇمۇرغ بولۇپ ئۇچۇپ كېلىپ ئېرىنى ئېلىپ كېتىپتۇ، بۇنى ھېچكىم سەزمەپتۇ. ئۈچىنچى كۈنى تاڭ ئاتاي دېگەن چاغدا، ۋەزىرنىڭ خوتۇنى مۇنداق دەپتۇ:

— سىلى ھېلىقى ئاق ئەنجۈردىن بىرنى، سېرىق نەشپۈتتىن بىرنى ئېلىپ، مانا بۇ مەن تەييارلاپ قويغان جەننەتنىڭ ھۆر - پەرىلىرىگە خاس ئاق لىباسنى يېپىنىپ، تاج تاقاپ، ئوتۇن كۆيدۈرگەن ئايدالادىكى كۆلنىڭ تۆپىسىگە بېرىپ ئولتۇرسىلا، تاڭ ئاتقاندا ناماز ئوقۇيدىلا. شۇ چاغدا شاھ ۋە باشقا ئەمەلدارلار نەق مەيدانغا كېلىدۇ، سىلى ئۇلارنى كۆرمىگەن بولۇپ نامازلىرىنى ئوقۇۋېرىدىلا، نامازلىرىنى ئوقۇپ بولۇپ، دۇئاغا قول كۆتۈرگەندە: «ئۈچ كۈندىن بېرى جەننەتتە ئەجەبمۇ راھەت كۆردۈم، مۇشۇ پانىي ئالەمدىكى ھاياتمۇ ھايات بولامدۇ ! مەن جەننەتتە كۆرگەن راھەتنى بەلكىم مۇشۇ پانىي ئالەمگە بىر چاغلاردا ھۆكۈمرانلىق قىلغان سۇلايمان پەيغەمبەرمۇ كۆرمىگەن. ئاللا، ساڭا يۈزمىڭ رەھمەت !» دەيدىلا. دۇئا قىلىپ بولۇپ، يانلىرىغا كەلگەن كىشىلەر بىلەن كۆرۈشىدىلا. شۇنىڭدىن كېيىنكى گەپلەرنى مەن ئەھۋالغا قاراپ دىللىدى-

رىغا سالىمەن.

ئوڭ قول ۋەزىر خوتۇننىڭ دېگىنىدەك قىپتۇ.

شاھ ۋە ئۇنىڭ شېرىكلىرى تاڭ سۇزۇلگەندە كېلىپ كۆ- رۇپتۇ: ئوڭ قول ۋەزىر بۇ چاغقىچە ھېچكىم كۆرمىگەن ئەڭ كاتتا تاج تاقاپ، كاتتا لىباس يېپىنىپ، قىبلىگە قاراپ، جەننەت راھەتلىرىنى بايان قىلىپ، خۇداغا شۇكۇر - سانا ئېيتىپ دۇئا قىلىۋاتقۇدەك. ئۇ ياشىرىپ كەتكەنمىش، چىرا- يىدىن پەرىشتىدەك نۇر يېغىپ تۇرغۇدەك. ئوڭ قول ۋەزىر شاھ قاتارلىقلارنى كۆرگەن بولسىمۇ، كۆرمەسكە سېلىپ:

— ئەي ئىبارا خۇدايا، كەرىمىڭ ئۇلۇغ، مېھىر - شەپقى- تىڭنىڭ تەگدىشى يوق ئىكەن، مەندەك بىر ئاجىز بەندەڭنى ئۆز پاناھىڭدا ساقلاپ، جەننەتكە ئېلىپ بېرىپ، ئۇ يەرنىڭ نازۇ نېمەتلىرىگە، راھەت - پاراغەتلىرىگە نائىل قىلدىڭ، — دەپتۇ ۋە:

ھېچ ھالاۋەت تەڭ كېلەلمەس جەننەتتىكى راھىتىمگە،
كۆپ ئىبادەت تەڭ بولماس ئۇتتا كۆيگەن تائىتىمگە.

دېگەن نەزمىنى ئوقۇپتۇ.

شاھ ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى: «بۇ ئوڭىمىزمۇ، چۇشىمىز- مۇ؟» دېيىشىپ، ھەيرانۇھەس بولۇشۇپتۇ. ئوڭ قول ۋەزىرگە بولغان ئۆچمەنلىكلىرىنى ئىچىدە بىلىشىپ، ئۇنىڭ بىلەن ئوچۇق چىراي كۆرۇشۇپتۇ. ئۇلار ئوردىغا قايتىپتۇ. شاھ ئوڭ قول ۋەزىرنى يېنىغا ئولتۇرغۇزۇپ گەپ باشلاپتۇ:

— سىز ئوتۇننىڭ ئۇستىدىن چۇشۇپ بولغۇچە، مېنىڭ ئالدىراڭغۇ، كەم ئەقىل چاپارمەنلىرىم ئوت يېقىۋېتىپتۇ، مەن ئۇلارنىڭ كاللىسىنى ئالدىم. سىزنى قۇتقۇزۇشقا ئامال قىلالماي يىغلىدۇق، قاقشىدۇق. بۇگۇن ئوت ئۆچكەچكە، جەسىتىڭىزنىڭ كۇلىنى بولسىمۇ تېپىپ، نامىزىڭىزنى چۇشۇرۇپ، دەپنە

www.uyghurkitap.com

قىلايلى دېيىشكەندۇق، ئەمما بىز سىزنى ھايات، ھەتتا ياشارغان ھالەتتە كۆرۈپ تۇرۇپتىمىز.

— ئالىيلىرىغا رەھمەت، — دەپتۇ ئوك قول ۋەزىر.

— خوش، ئاللانىڭ سىزنى بىز بىلەن دىدارلىشىشقا قانداق نېسىپ قىلغانلىقىنىڭ بايانىنى بىلىشكە بولارمىكىن؟ — دەپتۇ شاھ.

— ئوتۇننى تىزىپ بولۇپ، چۈشۈۋېلىشىمغا مۇمكىن بولمىدى، — دەپ سۆز باشلاپتۇ ئوك قول ۋەزىر، — رىزقىم شۇنچىلىك بولار، دەپ ئاللاغا سېغىندىم. مەن ئوتۇن بىلەن كۆيدۇم، ئەمما جىنىم چىقمىدى. ئوت پەسەيگەن، ئىس - تۈتەكلەر تارقىلىپ بولاي دېگەندە: «تۇر ئورنۇڭدىن !» دېگەن ھەيۋەتلىك، ئەمما يېقىملىق ئاۋاز ئاڭلاندى. كۆزۈمنى ئېچىپ قارىسام، مەھشەرگاھتا تۇرۇپتىمەن، ئەتراپىمدا پەرىشتىلەر ماڭا قاراپ، ئاللادىن ئەمر كۈتۈپ تۇرۇپتۇ. بىر چاغدا خىزىر ئەلەيھىسسالام ئالدىمغا كۈلۈپ كېلىپ: «ئەي ئاللانىڭ بەختلىك بەندىسى، سېنىڭ پانىي ئالەمدىكى گۇناھلىرىڭ پانىي ئالەمنىڭ ئۆزىدە كۆيۈپ تۈگىدى، شۇڭا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ھازىر بولۇپ، ئاللانىڭ ئالدىدا قۇللۇق بىلدۈرۈپ، ساڭا ئاللادىن شاپائەت تىلىدى، ئاللا قوبۇل قىلدى. ئاللاتائالا سېنى: ‹جەننەتنى زىيارەت قىلسۇن، جەننەتنىڭ نېمەتلىرىدىن تويغۇچە يەپ، ھەۋزىكەۋسەردىن قانغۇچە ئىچىپ قانسۇن، ئاندىن پانىي ئالەمگە قايتىپ بارسۇن، چۈنكى مەن ئۇنىڭ جېنىنى ئەزرائىل ئارقىلىق ئالمىدىم، ئۇ ئۆز ئەجىلى بىلەن ئۆلمەي، پانىي ئالەمدە كىشىلەر ياسىغان دوزاختا كۆيدى. مەن قاچان ئەزرائىلغا ئەمر قىلىپ ئۇنىڭ جېنىنى ئالغۇچە ياشاۋەرسۇن› دېدى. سەن ھازىر جەننەتكە كىرىپ بەھۇزۇر سەيلە - تاماشا قىل. مانا بۇ جەننەت لىباسى، تاجىنى ئال» دېدى - دە، غايىب بولدى.

بېشىمنى كۆتۈرۈپ ئالدىمغا قارىسام، ئالەمدە تەڭداشسىز باغۇ بوستانلىق بىر ماكاندا تۇرۇپتىمەن، ئەتراپىمدا جەننەتنىڭ ھۆرلىرى، ئۇلار ماڭا يول باشلىدى، پانىي ئالەمدە مەۋجۇت بولمىغان رەڭگارەڭ، ئاجايىپ قىممەتلىك لەئەل - ياقۇت، ئالتۇن، گۆھەردىن بىنا قىلىنغان كەڭ، ئاسمان - پەلەك قەسىرلەردە ئالتۇن كۇرسىلاردا ئولتۇرۇپ سەيلە - تاماشا قىلدىم، نازۇ نېمەتلەردىن تويغۇچە يېدىم. بۇلارنى ئادەم قانچە يېسە سىڭىدىكەن، ئازراق يېسىمۇ قورساق تويۇپ، زادى ئاچمايدىكەن.

ئوڭ قول ۋەزىر جەننەتنىڭ گېپىنى قىلىۋاتقاندا شاھ ۋە ئوردا ئەمەلدارلىرىنىڭ ئاغزىلىرىدىن ئاققان شۆلگەي ساقال - بۇرۇتلىرىنى بۇلغاپتۇ، ھەممەيلەن جەننەتنى كۆرۈشكە ئالدىراپتۇ. ئەتىسىدىن باشلاپ ھېسابسىز ئوتۇن يىغدۇرۇپ، شاھ، سول قول ۋەزىر، دىۋانبېگى قاتارلىقلار ئوتۇننى تىزىپ مۇنار قىپتۇ ۋە ئۇستىگە چىقىپ، ئوتۇنغا ئوت ياقتۇرۇپتۇ - دە، كۆيۈپ كۈل بوپتۇ.

بىچارە پۇقرالار ئۇلارنىڭ زۇلمىدىن بىراقلا قۇتۇلۇپتۇ. ئادالەتپەرۋەر ئوڭ قول ۋەزىر شاھ بوپتۇ. ئەل ئاۋات، ئاۋام باياشات ياشاپتۇ.



ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى

# كەمەك ھەييار بىلەن مۇختەر ھەييار


بۇرۇنقى زاماندا، ئىران پادىشاھلىقى تەۋەسىدە كەمەك دېگەن بىر ھەييار ئۆتكەنىكەن. ئۇ ئۆزىنى ھەييارلىقتا كاملەتكە يەتكەن ھېسابلاپ، بۇ دۇنيادا ماڭا ھېچقانداق ھەييار تەڭ كېلەلمەيدۇ، دەپ يۈرىدىكەن. قەدىمكى تەكلىماكاندىمۇ خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش مۇختەر دېگەن بىر ھەييار بولۇپ، ئۇمۇ دۇنيادىكى ھەرقانداق ھەييارنى ئۆزىگە تەڭ كۆرمەيدىكەن، شۇڭلاشقا ئۇلار ھەييارلىقتا بىرى يەنە بىرىنى يېڭىپ، ئۇستۇنلۇكنى ئېلىش كويىدا يۈرىدىكەن. كەمەك ھەييار قارا كۆڭۈل، مۇختەر ھەييار ئاق كۆڭۈل ئىكەن.

كۈنلەردىن كۈنلەر ئۆتۈپ، كەمەك ھەييار مۇختەر ھەييارنى ئۆلتۈرۈپ ئۇستۇنلۇك ئالماقچى بوپتۇ.

كەمەك ھەييار مۇختەر ھەييارنى يوقىتىشنى ئويلاپ يۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە، مۇختەر ھەييار «كىتابى جادۇ»نى ئېچىپ قاراپ، كەمەك ھەييارنىڭ ئۆزىگە قەست قىلىشىنىڭ كويىغا چۈشكەنلىكىنى بىلىپ قاپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن مۇختەر ھەييار سالپاڭ قۇلاق، ئالا ئاياغ ئېشەككە: «رەبىم» دەپ مىنىپ، كەمەك ھەييارنىڭ يۇرتىغا قاراپ يولغا چىقىپتۇ، مېڭىپتۇ، مېڭىپتۇ، ھېرىپتۇ، بىر قوغۇنلۇقنىڭ يېنىغا كېلىپ، قارىياغاچ سايىسىدە ئۇخلاپتۇ، ئۇخلاش ئالدىدا ئۆزىگە

ئەپسۇن ئوقۇپ، بېشىنى قوغۇنغا، بەدىنىنى پېلەككە ئايلاندۇ-
رۇپ قويۇپتۇ.

دەل شۇ چاغدا كەمەك ھەييار «كىتابى جادۇ»غا قارىسا،
مۇختەر ھەييارنىڭ ئۆزىگە قارشى يولغا چىقىپ، يول ئۈستىدە
قوغۇن بولۇپ ياتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن، كە-
مەك ھەييار ھاسىسىغا تايىنىپ، چاپىنىنىڭ پېشىنى قىستۇ-
رۇپ، مۇختەر ھەييارنى ئىزدەپ يولغا چىقىپتۇ. ئۇ مۇختەر
ھەييارنىڭ ئويغىنىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ ئۆلەر - تىرىلى-
شىگە قارىماي مېڭىپتۇ، يولدا ئولتۇرۇپ دەم ئالغۇسىمۇ، بى-
رەر يۇتۇم سۇ ئىچكۇسىمۇ كەلمەپتۇ. ئاخىر ئۇ ھېلىقى يەرگە
يېتىپ كەپتۇ. قارىسا، بېشى قوغۇن، بەدىنى پېلەك، بوينى
ساپاقتا ئوخشاپ كېتىدىغان بىر مەخلۇق پۇشۇلداپ ئۇخلاپ



ياتقۇدەك. كەمەك ھەييار، سىنىڭ ئەدىپىڭنى بىر بېرەي، تازا ۋاقتىدا كەپتىمەن، دەپ ئويلاپ، بىر ئەپسۇن ئوقۇپ مۇختەر ھەييارنى قاتتىق ئۇيقۇغا بەند قىلىپ، قوغۇن، پېلۇك، سا-پاقلارنى يىغىشتۇرۇپ جەمشىتنىڭ يېنىغا ئېلىپ مېڭىپتۇ. ئالدىراشچىلىقتا مۇختەرنىڭ سالپاڭ قۇلاق، ئالا ئاياغ ئېشىكىنى ئۇنتۇپ قاپتۇ.

كەمەك ھەييار مۇختەرنى كۆتۈرۈپ كەلگۈچە ھېرىپ - ئېچىپ، تەرلەپ - پىشىپ، بەك كۆپ جەبىر - جاپا چېكىپتۇ. كەمەك يۇرتىغا كەلگەندىن كېيىن ئاۋۋال ئۆز ئۆيىگە كىرىپ، مۇختەرنى سەللىسى بىلەن پېشايۋاننىڭ تۈۋرۈكىگە قاڭتۇرۇپ باغلاپتۇ، ئاندىن قورسىقىنى توقلاپ، دۇنياغا داڭلىق مۇختەر ھەييارنى تۇتۇپ كەلگەنلىكىنى جەمشىت پادىشاھقا مەلۇم قىلىپ، ئۇنىڭدىن ئىنئام ئېلىش ئۈچۈن ئوردىغا قاراپ مېڭىپتۇ.

كەمەك ھەييار قورۇسىدىن چىقىشىغا مۇختەر ھەييار ئويغىنىپتۇ، قارىسا، تۈۋرۈكتە باغلاقلىق تۇرغان. ھە، قولغا چۈشۈپتىمەن - دە، دەپ ئويلاپتۇ مۇختەر. شۇنىڭ بىلەن ئۇ-نىڭ بېشى قېتىپ، كۆزىگە دۇنيا قاپقاراڭغۇ بولۇپ كۆرۈنۈپ-تۇ. ئېسىنى يىغىپ قارىسا، ھويلىدا كەمەك ھەييارنىڭ خوتۇنى يۈرگۈدەك. مۇختەر ھەييار ئىش ئوڭغا تارتتى، دەپ ئويلاپ:

— يەڭگە، — دەپتۇ مۇلايىملىق بىلەن، — ئېرىڭىز تو-لىمۇ يامان ئادەم ئىكەن.

— ھەي كاززاپ، قايسى يۈزۈڭ بىلەن مېنىڭ ئېرىمنى يامانلاشقا پېتىندىڭ؟ ! — دەپتۇ كەمەك ھەييارنىڭ ئايالى.

— ئېرىڭىز قۇرۇسۇن، سىزدەك ئاي يۈزلۈك خوتۇنى تۇ-رۇپ، يەنە بىزنىڭ يۇرتتا بىرىنىڭ قىزىنى ئالماق بوپتۇ. مەن ئۇنىمىغۇدىم، مېنى ئەكېلىپ باغلاپ قويدى، — دەپتۇ مۇخ-تەر ھەييار. خوتۇن:

— شۇ يۇرتتىكى قىزنى بىرىشكە قوشۇلمىغان بولساڭ، مەن سېنى ئازاد قىلاي، مۇنۇ بىر تەشتەك ئالتۇننىمۇ ئال، — دەپ مۇختەر ھەييارنى قويۇۋېتىپتۇ. مۇختەر ئۆگزىدىكى شاخ - پاخاللارنىڭ ئارىسىغا مۆكۈۋاپتۇ. كەمەك ھەييار پادىشاھ جەمشىتنىڭ چوڭ ئىنئامىنى ئېلىپ، مۇختەرنى ئوردىغا تاپشۇرۇش ئۈچۈن ئۆيگە يېنىپ كەپتۇ، قارىسا مۇختەر يوق. كەمەك ھەييار مۇختەر ھەييارنى سۇرۇشتە قىلىپ بار ئاۋازى بىلەن ۋارقىراپتۇ. كەمەك ھەييارنىڭ خوتۇنى ئۆزىنىڭ قىرىق چىلتىنى بىلەن بىرلىشىپ، كەمەككە ھەرىدەك يېپىشىپ تاياق - توقماق ئاستىغا ئاپتۇ. تاياق زەربىسىگە چىدىمىغان كەمەك ھەييار خوتۇنىنىڭ ئۇستىدىن شىكايەت قىلىپ پادىشاھ جەمشىتنىڭ ئالدىغا بېرىپتۇ.

ئۇنىڭ كەتكەنلىكىنى كۆرگەن مۇختەر ئاستا ئۆگزىدىن چۈشۈپ، سېھىرلىك ياغاچ چۆچەكنى ئېرىقتىكى سۇغا پاتۇرۇپ تۇرۇپ، ئۇنىڭغا بىر ئەپسۇن ئوقۇپ ئۆزىنىڭ ئۇستىگە قۇيۇپتىكەن، كەمەكنىڭ شەكلىگە كەپتۇ. ئۆيگە كىرىپ كەمەكنىڭ خوتۇنىغا:

— مېنى چىلتەنلىرىڭ بىلەن ئۇرغانلىقىڭ ۋە مۇختەرنى قاچۇرغانلىقىڭ ئۈچۈن، سېنى ئۈچ تالاقتا بائىن قىلدىم! — دەپتۇ. كەمەكنىڭ خوتۇنى كەمەك قىياپىتىدىكى مۇختەر ھەييارنى تونۇماي، ئۇنى كەمەك دەپ ئويلاپ، پۈتۈن ئۆي‑ۋاق، مال - مۈلۈكنى ھارۋا - ھارۋىلارغا بېسىپ ئانىسىنىڭ ئۆيىگە كېتىپتۇ.

كەمەك قىياپىتىدىكى مۇختەر قوشنا - قولۇم، ئۆلىما، قازىلارنى چاقىرىپ كاتتا داستىخان سېلىپتۇ - دە، داستىخان ئۇستىدە كۆپچىلىككە خوتۇنىنى قويۇۋەتكەنلىكىنى، ئۆزىنىڭ سەپەرگە چىقماقچى بولغانلىقىنى، قورۇ - جاينى

سېتىپ پۇل قىلىپ كەتمەكچى بولغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. شۇ جايدىلا قورۇ - جايىنى سودىگەرگە سېتىپ، پۇلىنى ئېلىپ كېتىپ قاپتۇ.

مۇختەر ھەييار كېتىشى بىلەنلا كەمەك ھەييار قورۇغا كىرىپ:

— ھەي خوتۇن، بۇياققا چىق، ساڭا پادىشاھ جەمشىت جازا بۇيرۇدى، — دەپ ۋارقىرىغانىكەن، ئۆيدىكى قورۇنى سېتىۋالغان سودىگەر چىقىپ:

— خوتۇنىڭىزنى تالاق قىلىپ قويۇۋېتىپ، قورۇنى ماڭا سېتىۋېتىپ، پۇلنى يانچۇقىڭىزغا سېلىۋېلىپ، ئەمدى يەنە: «ھەي خوتۇن، بۇياققا چىق !» دەيسىزا، ئېسىڭىزنى يوقىتىپ قويدىڭىزمۇ؟ — دەپتۇ.

كەمەك ھەييار بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىنىڭ مۇختەرنىڭ ھىيلىسى ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ، ئۇنچىقماي قورۇدىن چىقىپ كېتىپتۇ، ئۇنداق ئويلاپ - مۇنداق ئويلاپ، ئاخىر مۇختەردىن ئۆچىنى ئالماق بوپتۇ ۋە چىلتەنلىرىنىڭ قولىغا قىلىچ، نەيزە بېرىپ مۇختەرنى قوغلاپتۇ.

مۇختەر ھەييار «كىتابى جادۇ»غا قاراپ كەمەك ھەييارنىڭ قىرىق چىلتىنى بىلەن قوغلاپ كېلىۋاتقانلىقىنى بىلىپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ بىر چايخانا ئالدىدا تىلەمچى قىياپىتىدە، كۆلاھ كىيىپ ئولتۇرۇۋاپتۇ. كەمەك ھەييار چايخانىغا كېلىپ بىر قاراپلا، مۇختەر ھەييارنىڭ تىلەمچى قىياپىتىدە ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپتۇ.

— ئەمدى قولۇمغا چۈشتۈڭ، — دەپتۇ كەمەك ھەييار ۋە چىلتەنلىرىگە، — ئاۋۇ تىلەمچىنى تۇتۇڭلار ! — دەپ بۇيرۇق قىپتۇ. مۇختەر ھەييارمۇ بوش كەلمەي، بىر سەكرەپ قىرىق چىلتەننىڭ ئۈستىدىن ئاتلاپ ئۆتۈپ كەمەك ھەييارنى كېلىش-

تۇرۇپ بىرنى تېپىپ يىقىتىۋېتىپ چايخانىنىڭ ئۆگزىسىگە چىقىۋاپتۇ. ئۇلار قوغلاپتۇ، مۇختەر ھەيىيار بولسا، ئۆچكىدەك بالداقمۇبالداق سەكرەپ بىر ئېگىز مۇنارغا چىقىۋېلىپ:

— كەل، كەمەك، مەن پۇت - قولۇمنى ساڭا باغلاپ بېرىمەن، — دەپ ئۇنى زاڭلىق قىلىپ كۈلۈپتۇ. بۇنىڭ ئەلىمىگە چىدىمىغان كەمەك ھەيىيار ئۆزىنى ئۆزى كاچاتلاپ، ساقىلىنى يۇلۇپ، تېپىچەكلەپ يۇقىرى ئۆرلىگەنىكەن، مۇنارنىڭ ئوتتۇرىسىغا بارمايلا پالاققىدە يىقىلىپ چۈشۈپتۇ. ئاندىن كەمەك ھەيىيار چىلتەنلىرىنى يىغىپ: «مۇختەر ئادەم ئەمەس، شەيتان ئىكەن، ئۇنى تۇتقىلى بولمايدىكەن، ئۇنىڭدىن كۆرە پادىشاھنىڭ ئالدىغا مۇختەر قورقۇپ قېچىپ كەتتى، دەپ بارايلى» دەپتۇ - دە، چىلتەنلىرىنى باشلاپ قايتىپ كېتىپتۇ. كەمەكنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ قالغان مۇختەر ھەيىيار دەرھال مۇناردىن چۈشۈپ باشقا بىر كوچا بىلەن كېتىۋاتسا، پادىشاھنىڭ بىر ۋەزىرى يولۇقۇپ قاپتۇ. ئۇنى سېھىرگەرلىك بىلەن ئۇخلىتىپ قويۇپ، ئۆزى ۋەزىر قىياپىتىگە كىرىپتۇ - دە، ۋەزىرنىڭ كىيىملىرىنى كىيىپ ئوردىغا كەپتۇ. كەمەك ھەيىيار دەل شۇ چاغدا ئوردىغا كېلىپ:

— پادىشاھىم، مەن چىلتەنلىرىم بىلەن دىۋانە قىياپىتىگە كىرىۋالغان مۇختەر ھەيىيارنى تۇتقاندىم، يولدا كېلىۋېتىپ قورقۇپ قېچىپ كەتتى، — دەپ مەلۇم قىپتۇ.

— ئۇنىڭ قورقۇپ قېچىپ كەتكەنلىكىگە ئىشەنگۈم كەلمەيدۇ، — دەپتۇ پادىشاھ، — سەن يالغان ئېيتىۋاتىسەن. ئەگەر مۇختەر مۇشۇ يەردە بولغان بولسىدى، ئىككىڭنى قىلىچۋازلىق قىلدۇراتتىم، شۇ چاغدا قايسىڭلارنىڭ يامان ئىكەنلىكىنى بىلگەن بولاتتىم.

پادىشاھ سۆزىنى ئاخىرلاشتۇرۇشىغا، ۋەزىر قىياپىتىگە

www.uyghurkitap.com

كىرىۋالغان مۇختەر ھەييار پادىشاھقا دەپتۇ:

— سىلى ماڭا مىڭ تىللا بەرسىلە، مەن مۇختەرنى ئاياغ ئاستىلىرىدىن ئۇندۇرۇپ بېرىمەن.

— ئەجەب ئىش، — دەپتۇ پادىشاھ تەئەججۇپلىنىپ.

— شۇنداق، تەقسىر، — دەپتۇ ۋەزىر قىياپىتىدىكى مۇختەر ھەييار. پادىشاھ خەزىنىچىگە ۋەزىرگە مىڭ تىللا بېرىشنى بۇيرۇپتۇ. ۋەزىر قىياپىتىدىكى مۇختەر ھەييار مىڭ تىللانى بېلىگە تۇگۈۋېتىپ:

— مانا قارىسىلا، مەن مۇختەر ھەييار! — دەپتۇ پادىشاھقا. پادىشاھنىڭ ئالدىدا راست مۇختەر ھەييار پەيدا بوپتۇ.

پادىشاھ سىرتقا بىر چوڭ سەينا ياسىتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن قىلىچۋازلىق باشلىنىپتۇ. مۇختەر ھەييار قىلىچىنى ئوينىتىپ بېرىپ كەمەككە بىرنى ئۇرۇپتۇ، ئاندىن قىلىچىنىڭ ئۇچى بىلەن كەمەك ھەييارنى ئىلىپ يىراققا تاشلىۋېتىپتۇ. كەمەك ھەييار جان ئاچچىقىدا چىلتەنلىرىنى ياردەمگە چاقىرىپتۇ. ئۇلار بىرلىشىپ مۇختەر ھەييارغا ھۇجۇم قىپتۇ. سورۇندا قىلىچۋازلىق راسا ئەۋجىگە چىقىپتۇ. مۇختەر ھەييار چىلتەنلەرنى بىر - بىرلەپ يىقىتىپ كېتىۋېتىپ، ئۇشتۇمتۇت بىر چوڭقۇر ئورىغا چۈشۈپ كېتىپتۇ. كەمەك ھەييار خۇش بولۇپ، چىلتەنلىرىگە ئورىنى تىندۇرۇشنى بۇيرۇپتۇ. چىلتەنلەر ھەش - پەش دېگۈچە ئورىنى قۇم بىلەن تىندۇرۇۋېتىپتۇ. مۇختەرنى ئۇجۇقتۇردۇم، دەپ ئويلىغان كەمەك ھەييار مۇغەمبەرلىك بىلەن پادىشاھقا:

— بۇ ئادىمىي شەيتان مۇختەرنى ھالاك قىلدىم، — دەپتۇ.

مۇختەر ھەييار ئورىنىڭ ئاستىنى يان تەرىپىگە قارىتىپ تېشىپ، تۆشۈكنى پادىشاھ تۇرغان ئۆينىڭ ئاستىغا يەتكۈزۈپ، قىلىچىنىڭ ئۇچىنى پادىشاھنىڭ تاپىنىغا تىقىپتۇ.

— ۋايداد، مېنى يىلانمۇ، چايانمۇ، ئىشقىلىپ بىرنەرسە چېقىۋالدى، مېنى قۇتقۇزۇڭلار ! — دەپ ۋارقىراپتۇ پادىشاھ. مۇلازىملار كېلىپ ئىزدەپ ھېچنېمە تاپالماپتۇ.


پادىشاھ كېچىدە تاتلىق ئۇيقۇغا كەتكەندە مۇختەر تۆشۈك-تىن چىقىپ، تامغا تارتىپ قويۇلغان گىلەمنىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈۋاپتۇ، ئاندىن پادىشاھنى قىلىچىنىڭ ئۇچى بىلەن نوقۇپ ئويغىتىپ، غەلىتە ئاۋاز بىلەن:

— مەن جان ئالغۇچى ئەزرائىل، بۈگۈن سېنىڭ رىزقىڭ پۈتۈپ، ۋاقتى - سائىتىڭ توشتى، ئۆلۈمگە تەييار بولۇپ، ئا-مانەتنى تاپشۇر ! — دەپتۇ. ئۆلۈم خەۋپىدىن قورقۇپ گاڭ-گىراپ قالغان پادىشاھ:

— ماڭا رەھىم قىل، يەنە بىرئاز ياشىۋالاي، نېمە خالىساڭ شۇنى ئال، جېنىمدىن باشقىنى تىلە، — دەپتۇ. مۇختەر ھەييار:

— مۇشۇ كىچىككىنە داخىر كالۋارىمنى ئالتۇنغا تول-دۇرۇپ بەرسەڭ، ساڭا ھاياتلىق بېرىمەن، — دەپتۇ.

پادىشاھ ئالتۇن بېرىشكە ماقۇل بولۇپ، پۈتۈن خەزىنە-سىدىكى ئالتۇننى ئېلىپ چىقىپ داخىر كالۋارنى تولدۇرالماپ-



www.uyghurkitap.com

تۇ، قالغان قىسمىنى مۇختەر ھەييار ئۆزى بىرلا «سوۋۇق» لەپ تولدۇرۇپتۇ.

— داخىر كالۋارنى تولدۇرالمىدىڭ، ئەمدى سەن قىرىق كۈنلا ياشىيالايسەن، — دەپ، ئەزرائىل قىياپىتىدىكى مۇختەر ھەييار غايىب بوپتۇ.

پادىشاھ جىمىكى ۋەزىر - ۋۇزرالىرىنى ئالدىغا چاقىرىپ، كۆز يېشى قىلىپ تۇرۇپ:

— تەقدىر - پېشانە. ئەزرائىل جېنىمنى ئالغىلى كەلگەنىكەن، خەزىنىدىكى ھەممە ئالتۇننى بېرىپ، مىڭ بىر يالۋۇرۇپ - يېلىنىپ يۇرۇپ جېنىمنى قىرىق كۈندىن كېيىن ئېلىشقا مۆھلەت ئالدىم، — دەپتۇ. بۇ گەپنى ئاڭلاپ تۇرغان كەمەك ھەييار ئۆتكەنكى كەچمىشلەرنى بىرمۇبىر يادىغا ئېلىپ:

— ئەي زاتى ئۇلۇغ پادىشاھىم، ئۇ ئەزرائىل ئەمەس، مۇختەر ھەيياردۇر، — دەپتۇ.

— ۋۇي، ئۇنى ئورىغا كۆمۈپ ئۆلتۈرمىگەنمۇ؟ — دەپتۇ پادىشاھ. كەمەك ھەييار:

— تەقسىر، ئۇنىڭ ھىيلىسى، پەم - پاراسىتى بىر خىسلەت، مېنىڭ ئەپسۇنلىرىممۇ كارغا كەلمىدى، — دەپ، ئۆزىنىڭ يېڭىلىپ قالغانلىقىنى ئىقرار قىپتۇ. پادىشاھ جۇدۇنى ئۆرلەپ:

— سەن بۇگۈن مۇختەرنى تۇتۇپ كەلمەيدىغان بولساڭ، تېرەڭنى تەتۈر سويىمەن! — دەپتۇ كەمەك ھەييارغا ئەمر قىلىپ. كەمەك ھەييار يەنە ئۆزىنىڭ قىرىق چىلتىنىنى ئەگەشتۈرۈپ مۇختەر ھەييارنى قوغلاپ يولغا چىقىپتۇ. ئۇلار چۆل دېمەي، تاغ دېمەي، سۇ ۋە جاڭگال دېمەي ئات چاپتۇرۇپ مېڭىپ، مۇختەرنى نەق تەكلىماكانغا يېقىن بىر جايدىكى سايىدە ئۇخلاپ ياتقاندا قوغلاپ يېتىپتۇ. كەمەك ھەييار دەرھال

چىلتەنلىرىگە:

— ئورا كولاپ، ئۆزۇڭلار ئورىنىڭ ئىچىگە مۆكۇنۇڭلار، مەن مۇختەرنى ئويغىتىپ، ئۆزۇم ئورا تەرەپكە قاچىمەن، مەن ئۆتۇپ بولغاندىن كېيىن، ئۇنى پۇتىغا سىرتماق سېلىپ تۇتۇڭلار، — دەپ ئۆگىتىپتۇ.

كەمەك ھەييار ئۇخلاۋاتقان مۇختەر ھەييارنى قىلىچىنىڭ دەستىسى بىلەن ئۇرۇپتۇ. مۇختەر ھەييار ئويغىنىپتۇ، كەمەك ھەييار قېچىپتۇ. ئۇ سەكرەپ قوپۇپلا كەمەك ھەييارنى قوغلاپ ئورىدىن ئاتلاپ ئۆتمەكچى بولغاندا، سىرتماققا چۇشۇپ قېلىپ تۇتۇلۇپ قاپتۇ. كەمەك ھەييار مۇختەر ھەييارنى قىرىق بىر يەردىن باغلاپ، چىلتەنلىرى بىلەن قورشاپ پادىشاھنىڭ ئالدىغا ئاپىرىپتۇ. پادىشاھ مۇختەرنى كۆرۇپ قورقۇپ كېتىپتۇ:

— جاللات ! — دەپ ۋارقىراپتۇ ـ دە، ئۆزى تەختىنىڭ ئارقىسىغا ئۆتۇۋاپتۇ. پۇتۇن تېنى قاپقارا، قارا ساقال قىرىق جاللات كىرىپ كەپتۇ ـ دە، پادىشاھقا:

— كىمنىڭ ئەجىلى يەتتىكىن، پادىشاھىم ؟ — دەپ قول قوشتۇرۇپ تۇرۇپتۇ.

— مۇختەرنىڭ كاللىسىنى تېنىدىن جۇدا قىلىڭلار ! — دەپتۇ پادىشاھ. مۇختەر ھەييار كۇلۇپ قويۇپتۇ. پادىشاھ، بۇنىڭ كۇلگىنىگە قارىغاندا قىلىچ بىلەن چاپقانغا ئۆلمەيدىغان ئوخشايدۇ، دەپ ئويلاپ:

— چاپماي، ئېسىپ ئۆلتۇرۇڭلار ! — دەپ ھۆكۇم قىپتۇ.

— ئەي پادىشاھ، — دەپتۇ مۇختەر، — مەن ساڭا يامانلىقنى راۋا كۆرمەي، قەست قىلمىغانىدىم. مەن خالىسام كۆزۇڭنى قارىغۇ، پۇتۇڭنى توكۇر، تىلىڭنى كېكەچ قىلىۋېتەتتىم ياكى جېنىڭنى ئالغان بولاتتىم. سەن نامەردلىك قىلدىڭ.



— دەرھال ئاچىقىپ دارغا ئېسىڭلار! — دەپ ۋارقىراپتۇ پادىشاھ.

قىرىق جاللات مۇختەرنى دار ئاستىغا ئېلىپ بېرىپتۇ.

— مەن قەسەم ئىچىمەنكى، قاچمايمەن، ماڭا ئۆلۈم ئالدىدا بىر يۇتۇم سۇ بېرىڭلار، — دەپتۇ مۇختەر ھەييار. جاللاتلار مۇختەرنىڭ قەسەمگە ئىشىنىپ، ئۇنىڭغا سۇ بېرىپتۇ. مۇختەر سۇنى ئۆزىنىڭ سېھىرلىك چۆچىكگە قويۇپ:

— مەن قاچمايمەن دەپ قەسەم ئىچتىم، ئەمما ئۇچمايمەن دېمىدىم، — دەپتۇ - دە، چۆچەكتىكى سۇنى بېشىغا چېچىپ كەپتەرگە ئايلىنىپ ئۇچۇپ كېتىپتۇ.

مۇختەرنىڭ دارغا ئېسىلىشىنى كۆرۈش ئۈچۈن پادىشاھ ۋەزىرلىرى ۋە كەمەك ھەييار بىلەن ئوردا پەشتىقىغا چىقىپ قاراپ تۇرغانىكەن، كەپتەر ئۇلارنىڭ بېشىدىن ئۇچۇپ ئۆتۈپ غايىب بوپتۇ. جاللاتلار ھاڭ - تاڭ بولۇپ قاپتۇ. كەمەك ھەييار بىلەن پادىشاھمۇ ئاسمانغا قاراپتۇ، ئەمما كەپتەرنى كۆرەلمەپتۇ. مۇختەر ھەييار شەھەرگە چۈشۈپ، بىر مەدىكار قىياپىتىگە كىرىۋاپتۇ.

شۇنىڭدىن كېيىن كەمەك ھەييار خوتۇنى بىلەن ياراش-

ماقچى بوپتۇ، قازىلار: «ئۈچ تالاقتا يول يوق» دەپ ئۇنىماپتۇ.

— يول تېپىڭلار، — دەپتۇ پادىشاھ.

— يولى تەلى[1]، — دەپتۇ قازىلار.

شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار كەمەك ھەييارنىڭ ئايالىنى تەلى قىلىش ئۈچۈن مەدىكار ئىزدەپ، ئۇنى مەدىكار قىياپىتىگە كىرىۋالغان مۇختەر ھەييارغا نىكاھلاپتۇ. ئەتىسى قازى باشلىق بىرقانچە كىشى خوتۇننى مەدىكاردىن ئاجرىتىپ كەمەك ھەييارغا نىكاھلاپ قويماقچى بولۇپ ئۆيگە كىرسە، كەمەك ھەييارنىڭ خوتۇنى بىلەن مۇختەر ھەييار ياتقان. بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان پادىشاھ ھەيران بولۇپ، مۇختەر ھەييارغا ئاپىرىن ئوقۇپتۇ ۋە ئۇنى يەنە ئالتۇن - كۈمۈشلەر بىلەن مۇكاپاتلاپتۇ.

شۇنىڭدىن كېيىن مۇختەر ھەممە ئالتۇنلارنى ئېلىپ ئۆز يۇرتى تەكلىماكانغا قايتىپ كەپتۇ.

① تەلى — باشقا كىشىگە نىكاھلاپ ئاجرىتىۋېلىش.

[General Information]
书名=维吾尔民间故事 11  维吾尔文
SS号=40250815

www.uyghurkitap.com